جاك جسمن

# تيانتانغاؤخنتاتربول

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

چاڭ جىمىن

# تيانشانغا ئوخشاش بول

تەرجىمە قىلغۇچى: رەخىم قاسىم

مىللەتلەر نەشرىياتى

# مۇندەرىجە

## شېئىرلار


بېيجىڭنىڭ سالامىنى ئەكەلدىم . . . . . . . . . . . . ( 1 )

تۈندە خېتاۋدىن ئۆتكەندە . . . . . . . . . . . . . ( 3 )

باۋگاڭغا نەزەر . . . . . . . . . . . . . . . . ( 4 )

لەنجۇ قىزى . . . . . . . . . . . . . . . . . ( 6 )

خېشى كارىدورى . . . . . . . . . . . . . . . . ( 8 )

تىيەنچىڭگە چىقىش . . . . . . . . . . . . . . ( 10 )

خۇڭشەن ئېغىزى . . . . . . . . . . . . . . . . ( 11 )

ئۇلانبايدىكى قۇربانلار قەبرىستانلىقى . . . . . . . . . ( 13 )

تىيانشانغا ئوخشاش بول . . . . . . . . . . . . . ( 14 )

چېگرا يوللىرى . . . . . . . . . . . . . . . . ( 16 )

كىگىز ئۆيدە مېھماندا . . . . . . . . . . . . . . ( 18 )

يىلقىچى قىز . . . . . . . . . . . . . . . . . ( 19 )

ئاقىننى زىيارەت قىلىش . . . . . . . . . . . . . ( 20 )

چۆلدىكى بوۋاي . . . . . . . . . . . . . . . . ( 22 )

قازاق قىزى . . . . . . . . . . . . . . . . . ( 25 )

مۇچاڭدا . . . . . . . . . . . . . . . . . . . ( 26 )

www.uyghurkitap.com


بوز يەر ئاخشمى ........................ (27)

يايلاقتكى كنو ئەترتى ........................ (29)

چۇپاننىڭ يۈزى ........................ (31)

يەنئەنلىك كادىر ........................ (32)

سۇمبۇل چاچ ........................ (33)

هارۋىكەش ........................ (34)

ئون بىرىنچى ........................ (36)

كىچىك پىيما ........................ (38)

ئورمان ئاسرىغۇچى بوۋاي ........................ (39)

كۆچۈش ........................ (41)

غۇلجا كوچىلىرى ........................ (42)

ئورماندىكى خاتىرە ........................ (44)

زىيارەت ........................ (45)

جەنۇبىي شىنجاڭ يولى ........................ (46)

كۈزدە بۇليۇققا باردىم ........................ (47)

مۇز داۋاندىكى زەمبىرەك سۇمبىسى ........................ (48)

بازار كۈنى ........................ (50)

بادام دوپپىلىق يىگىت ........................ (52)

تارىم ........................ (53)

مەجنۇنتال ........................ (54)

ئىز ........................ (56)

چاكچاكنىڭ ئائىلىسى ........................ (57)

ئادەت ........................ (59)

مۇتەللىپنىڭ شېئىرى . . . . . . . . . . . . . . ( 60 )
توغرا قىلىقتا . . . . . . . . . . . . . . . . ( 62 )
"بېيجىڭ ساتىراشخانىسى" . . . . . . . . . . . ( 63 )
شوپۇر . . . . . . . . . . . . . . . . . . ( 66 )
شاپتۇل قىزاردى . . . . . . . . . . . . . . ( 68 )
قوغۇن بازىرى . . . . . . . . . . . . . . . ( 70 )
ناخشا - ئۇسسۇل يۇرتى . . . . . . . . . . . ( 71 )
كەچ كۇرسى . . . . . . . . . . . . . . . . ( 72 )
دەسلەپكى مۇھەببەت . . . . . . . . . . . . ( 73 )
سۇرەت ۋە ئىز . . . . . . . . . . . . . . . ( 74 )
گىلەم . . . . . . . . . . . . . . . . . . ( 75 )
خوتەن مەنزىرىسى . . . . . . . . . . . . . ( 77 )

## داستانلار

ئۈزۈلگەن زەنجىر . . . . . . . . . . . . . . ( 78 )
سىز بۈيۈك تەيخانشەن تېغىدەك . . . . . . . . ( 91 )
چىن ئىنسان ھەققىدە مەرسىيە . . . . . . . . . (103)
ئاگاھ بول، ئەي قول! . . . . . . . . . . . . (129)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## شېئىرلار

# بېيجىڭنىڭ سالامىنى ئەكەلدىم

ئالتۇن كۈز چىللايدۇ بىزنى باغرىغا،
چىللايدۇ، يۇر كەتتۇق قىلمايلى ھايال.
سەپەرگە جابدۇنۇپ تەق بولـدۇق مانا،
تارتىدۇ قوينىغا كەڭ غەربىي شىمال.

پويىزنى قويايلى،
يەلكەن ياسايلى
تيەنئەنمېن ئالدىدا ئېچىلغان گۈلدىن.
شۇ بەخت يەلكىنى ئېپ بارسۇن بىزنى،
ئېپ بارسۇن مەنزىلگە بۇ ئۇزاق يولدىن.
تارىمدا بوز ئاچقان قەھرىمانلارغا،
قىزىلگۈل تاقايلى، لېنتا تاقايلى.
تاغ ـ دەريا چۇشۇپتۇ خۇشال ئۇسسۇلغا،
كەل، بىزمۇ تەڭكەشلەپ ناخشا ئېيتايلى.
يۇر، كەتتۇق ئەنە ئۇ يېشىل بوستانلار،
قۇياشنىڭ نۇرىدا ياشنىغان چاقناپ.

يۈكىمىز خوپ ئېغىر، لېكىن سوۋغىلار،
تۇرۇپتۇ شۇ پېتى، تۇرۇپتۇ قات-قات.

ئالايلى بىرنەچچە تامچە شەبنەمدىن،
چىڭشەندە گۈللەرنىڭ لېۋىگە قونغان.
تاقايلى بىز ئۇنى كۈچار قىزىنىڭ
بوينىغا تىزغانچە چىرايلىق مارجان.
ئالايلى بىر چەينەك بېيىخەي سۈيىدىن،
بۇ، شۇنداق شېرىن سۇ تامغان بال-شەربەت.
تۇتايلى بىز ئۇنى قازاق چالىغا،
ئەڭ ئېسىل قەدەھتە كۆرسىتىپ ھۆرمەت.

يۈر كەتتۇق، يۈر چاپسان، ئەنە تىيانشان
سوزماقتا قولىنى مۇھەببەت بىلەن.
چىمەن بۆك كىيگەن ئۇ كىچىككىنە قىز،
ئىشىكى ئالدىدا كۈتكىنى نېكەم.

ئېيتقىنا تۇتايلۇق يەنە نېمىنى
ئاندىكى دوستلارغا بىز سوۋغا قىلىپ؟
جانىجان پايتەختنىڭ ئالتۇن نۇرىنى —
بېيجىڭ سالامىنى بارايلى ئېلىپ.
ھەربىر كىگىز ئۆيدە ئولتۇرغانلارنىڭ
ھەممىسى قان-گۆشتەك بىزگە قېرىنداش.

چوڭ يوللار بويلىغان ھەربىر ئۆتكۈنچى
بىزنىڭ چىن دوستىمىز — بىز بىلەن سىرداش.

## تۆندە خېتاۋدىن① ئۆتكەندە

ئەگىم ئاي —
چاچىدۇ كۈمۈش نۇرنى،
ئاسماندا يۇلتۇز كۆپ،
ئۆيلەردە چىراغ.
خۇاڭخې!
ئاقسەن نەچچە بۇرۇلۇپ،
ھەر يانغا ئالتۇن ھەم كۈمۈش گۈل تاقاپ.
پويىزلار، پويىزلار!
ئۆتۈپ بارسەن،
بىر تۇرۇپ كۆرۈنۈپ، بىر تۇرۇپ يوقاپ.
بەزىدە
گۈل ئارا ئۇچقان قالغاچتەك،
بەزىدە —
سۇدىكى مۇكىغا ئوخشاپ.
تاللارنىڭ سايىسى

---

① خېتاۋ — لەنجۇنىڭ خۇاڭخې بويىغا جايلاشقان بىر كەنتىنىڭ ئىسمى.



www.uyghurkitap.com

يايلاقتا قاتار،
گۈلزاردا دولقۇنلار
قاتمۇقات تاغلار!
قارىغىن باۋگاڭغا،
پېچلەر قىزارغان،
پولات گۈل ئوينايدۇ كۆمۈش دەريادا.
قارىغىن گۈڭشېغا،
غۇچچىدە مەشئەل
تۇرىدۇ يورۇتۇپ چەشلەر بويىنى!
كىم، خېتاۋ تۇندە دەر؟
ئاڭلا، ھەر گۈدۈك
ئەكىلەر ساناقسىز چۇپان كۆيىنى...

## باۋگاڭغا① نەزەر

تاغلار كۆلەڭگىسى تۇرار قاتمۇقات،
ئالدىراپ — ئىز بېسىپ ئۇچار بۇلۇتلار.
تۇمانلار قاپلىسا كەچكى شەپەقنى،
تۇماننى قوغلايدۇ يالقۇنلاپ ئوتلار...

---

① باۋ گاڭ — باۋتۇ پولات كومبىناتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

نارايدۇ نۇر ھەر يان،
ئۇلغىيىدۇ ئوت!
سەددىچىن تېشىنى كىم سوغۇق دېگەن؟
ھەر باۋگاك ـ
ئون قۇياش تەپتى بىلەن تەڭ،
ئىسسىدۇ يايلاقمۇ ئاشۇ نۇر بىلەن.
يادىچى چالغان نەي شۇ قەدەر ياڭراق،
ئۇچىدۇ تۇرنىلار
قاتار سەپ ياساپ.
كۆن نۇرى
سىلايدۇ كالا ـ قويلارنى،
تۇرىدۇ كالا ـ قوي
تاغلارنى قاپلاپ.

تال ـــ يېشىل،
گۈل ـــ رەڭدار!
مۇشۇ يايلاقتا
بەخت ئۇرۇغىنى كىملەر تەرگەندى؟
بىر چاغلار...
پارتىزان ئاتلىق ئەسكەرلەر
داچىڭشەن① تېغىدىن چىپىپ ئۆتكەندى...

---

① داچىڭشەن ـــ تاغ ئىسمى.

# لەنـجۇ قىـزى

——پويېز ھەيدىگۈچى بىر ئايال ھەققىدە

خۇاڭخې بويىدا ئېچىلغان ئەي گۈل!
بەيتاشەن① تېغىنىڭ ھەسەن-ھۈسنى!
ساڭا خوپ تونۇشتۇر-
يەنتەن② ئۈستىدە
بەس-بەستە سايرىغان قۇشلارنىڭ ئۈنى.
ساڭا خوپ تونۇشتۇر-
خۇاڭخې دولقۇنى
سەن — گۈزەل سازلارنىڭ ئامراق مەپتۇنى!
باللار چۈشىدە:
قارلىق چىلەنشەن③
كۈمۈش ھالقا بولۇپ جاراڭلاپ ياتار.
ساپسېرىق نەشپۈتلەر شاخلاردا خۇددى
مىس قوڭغۇراقلاردەك ئېسىلغان قاتار...

---

① لەنجۇدىكى تاغ.
② خۇاڭخېنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان چىرايلىق ئارال.
③ گەنسۇ ئۆلكىسىدىكى بىر تاغ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئۆيۈڭدىن چىقسەن،
تۆمۈريول بويلاپ
بارىسەن ئۇچقاندەك، بارىسەن مېڭىپ.
بارىسەن تىزىلغان دۆلدۈللار ھەيدەپ،
بارىسەن بىر ئۇزۇن ھەجدىھا مىنىپ.
سەن دېدىڭ:
— بىلمەيمەن چېلىشنى سازنى.
مەن دېدىم:
— سۆزۈڭدە يوقتۇر ھەقىقەت.
ئەنە شۇ باللار شېرىن چۈشلىرى
بىر سېنىڭ ئىشىڭدا تاپقان كامالەت.

پارقىراق رېلىسلار —
زىل تارىڭ سېنىڭ،
سەن — ئۇستا سازەندە چېلىپ بارىسەن!
ناخشا قىپ —
قەلبىڭدە يانغان ھېسلارنى،
ئۇچقۇر پويىزلاردا ئېيتىپ بارىسەن!
بىپايان يوللاردا،
تاغ — دەريالاردا،
بارىسەن كۈندۈزنى تۈنلەرگە ئۇلاپ.
قالىدۇ ساناقسىز
يېزا — شەھەرلەر،
جاراڭلىق سازىڭنى زوق بىلەن ئاڭلاپ!

# خىشى كاردورى①

ئالتۇن جاكىي، كۈمۈش ۋۇۋسى.

ـــ خەلق قوشقى.

ئاسمان ئاستىدىكى ئەي زور كاردور،
تۇرسەن يىراقتىن يىراقلار بويلاپ.
سەن ـــ ئالتۇن ۋادىسەن،
سەن ـــ كۈمۈش ۋادا،
تۇردۇ يوللۇرۇڭ رەڭمۇرەڭ چاقناپ.
چىڭخەينىڭ چۆللىرى تۆۋەن يېقىدا،
گوياكى ئۇ سىنىڭ ياندىش تام قوشناڭ.
گۈل-چىچەك قاپلىغان موڭغۇل يايلىقى،
دېرىزەڭ ئالدىدا ياشنىغان بوستان.

چىلەنشەن شاملى ئۆتسە ئويغىتىپ،
كۆتۈرسە شەپەقنى...
كۈلدۇ سەھەر!
دۇنخۇاڭ مەلىكسى قۇياش نۇرىنى
چاچقاندا،

① خىشى كاردورى ـــ گەنسۇنىڭ غەربىي قىسىملىرى يەنى ۋۇۋسى، جاكىي ۋە باشقىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بۇ جايلار كاردور شەكلىگە ئىگە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرىسى

سۇمرۇغلار ئۇسسۇلغا چۈشەر...
يۈيمنلىك قەلبىدە.
يۈيمن گويىاكى،
تۈيۈلار پايانسىز جاي بولۇپ ھەر چاغ.
ۋە لېكىن شۇ يۈيمن سېنىڭ ئالدىڭدا
بىر كىچىك ئورماندۇر،
سەن — چەكسىز تۇپراق.

دۇنيادا تەڭداشسىز گۈزەل كارىدور!
تۈرسەن يىراقتىن يىراقلار بويلاپ.
سەن — ئالتۇن ۋادىسەن،
سەن — كۈمۈش ۋادا،
تۈرىدۇ يوللۇرۇڭ رەڭمۇرەڭ چاقناپ.
گويىاكى جۈپ تۇۋرۇك — جاڭىپ ھەم ۋۇۋىي،
تۈرىدۇ ئالتۇنغا، كۈمۈشكە ئوخشاپ.

ۋۇساۋلىك① ئۈستىدە چېچەن مەرگەنلەر،
ئوۋلىسا كېيىكلەر،
ھالقىپ تاغمۇتاغ
ناخشىلار ياڭرىتىپ جيۇچۇەن② قىزلىرى،

---

① ۋۇساۋلىك — گەنسۇ ئۆلكىسىدىكى بىر تاغنىڭ ئىسمى.
② جيۇچۇەن — گەنسۇنىڭ غەربىدىكى بىر ۋىلايەتنىڭ ئىسمى.

ئوخشغان ئاشلىقتا سالىدۇ ئورغاق.
گۈزەلسەن كارىدور!
گۈزەلسەن شۇنچە،
جامالىڭ چىرايلىق، قوينۇڭ كەڭ، ئاۋات.
سەن — سوتسىيالىزمنىڭ گۈزەل بىغىسەن،
ياشنايسەن دەۋرىمىز نۇرىدا چاقناپ.

## تىيەنچىگە چىقىش

ئېگىلىپ چەكتىمەن زۇمرەت قاچىنى،
ئاسمان ھالقىسىنى تۇتتۇم قولۇمدا.
ئالقىنىم ئۈستىدە تۇرار مانا ئاي،
بولۇتلار چىرماشقان ئاياغ — پۇتۇمدا.
ئەينەكتە قار ئەكسى تۇرىدۇ چاقناپ،
كۆبىلار، يايلاقلار بېرىڭلار جاۋاپ:
بۇ — زېمىن ئالەممۇ ۋە ياكى ئاسمان؟
كىملەرنىڭ قولىدۇ، شۇ زۇمرەت تاشنى
يەتتە قات ئاسمانغا گۈل قىلىپ ئويغان؟

قارايمەن ئوچاقتىن ئۈچقان تۈتۈنگە،
ئاڭلايمەن يېقىملىق چۇپان نېپىنى.

ئىسسقلىق ئەكرەر شامال ھەر تۆيگە،
تۇرنلار تارقتار گۈللەر ھىدىنى.
كۆل ــ مەيدۇر، تاۋلانغان ئالـتۇن قەدەھـتە،
چۇپانلار، ئۇۋچىلار شاد ـ خۇرام شۇنچە.
كۆكسدە قىزارغان تاڭنىڭ شەپىقى،
چاچىدۇ يۇلتۇزلار نۇرلار قەلبىدە.
مەي، گۈلدىن مەس بولۇپ ئالتۇن قەدەھنى،
كۆتۈرۈپ تىيانشانغا ئېيتتىم مەدھىيە.

## خۇشەن ئىغىزى

خۇشەن، ئەي خۇشەن ئىغىزى،
ئۆزەڭسەن ئۇرۇمچىنىڭ چىرىغى!

بوغدا ئۇستىدىكى ھەسەن ـ ھۈسەننى
شىنىڭ شىسەي
قىلىچتا چاپقان چىغىدا؛
ئايالار ھالقىسى
چاچقان نۇردىنمۇ،
چۆچۈگەن، توسۇغان، ياپقان چىغىدا؛
ئەي خۇشەن!



www.uyghurkitap.com

مەن ساڭا كۆز تىككەندىم،
دېگەندىم: ئىنقىلاپ مەشئىلى سېنى!
ئەكسىگدە باۋتاشەن① تېغىدىكى نۇر،
يورۇتقان ھەر مىللەت خەلق دىلىنى.

خۇشەن ئەي خۇشەن،
ئۇرۇمچىنىڭ كۆزىسەن!

ئازادلىق بايرىقى — شۇ قىزىل بايراق،
بۇلۇتلار كۆكسىنى يارغان چېغىدا؛
مول ھوسۇل ناغرىسى ياڭراپ باشقىچە،
داۋانچىڭ مۇزلىرى ئاققان چېغىدا؛
ئۇلانباي ئىستانسىدىن② ھەر كۈن ئاخشىمى
يېقىملىق بىر سادا ياغقان چېغىدا؛
مەن ساڭا كۆز تىكتىم:
— باتۇر پوستسەن!
تاتلىق ئۇيقۇدىكى ئوغۇل ھەم قىزنى
تۇرىسەن قوچاقلاپ، تۇرىسەن ئاسراپ،
بۇندىكى ھەر نۇرلۇق كۈمۈش يۇلتۇزنى...

---

① باۋتاشەن — يەنئەندىكى تاغ.
② سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئۇلانبايدىكى قۇربانلار قەبرىستانلىقى

—— چېن تيەنچۇ، ماۋ زېمىن، لىن جىلۇ قاتارلىق
ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقىغا زىيارەت.

## 1

تۇستىخىنى قاتتىق روجەك تۆمۈرىدىن،
تۇرمە تېمى بەرداشسىزدۇر قۇدرىتىگە.

قانلىرىدا قىزىللاندى تيانشان قارى،
ۋەھشى بوران ئاجىز كەلدى غەيرىتىگە.

تاغدىن يۈكسەك ئىرادىسى شۇ مەردلەرنىڭ،
چېكى يوقتۇر ئەلگە بولغان مۇھەببەتىنىڭ.

ھايات ئۈچۈن ئايىمايدۇ مەردلەر جاننى،
سادىق يۈرەك يورۇتىدۇ ئاتار تاڭنى.

## 2

ياياۋاندا پۈتتى ئىرىپ مۇزلار ھەم قار،
چەكسىز چۆلدە قىلدى جەۋلان يېشىل باھار.

تەزىيىدە ياش تۆكسەممۇ ھەسرەت دىلدا،
كېلىپ تۇرار قەبرە ئارا خۇشال سادا.

چۈنكى ھازىر ”يەلپۈلىدى قىزىل بايراق①“
تۈمەن دۇلدۇل قاناتلاندى مەنزىل بويلاپ.

ئالدى يېڭى بىر مەنزىرە پۈتۈن شىنجاڭ،
باتۇر ئەۋلاد روھىڭلارنى يوقلار ھامان.

## نىيانشانغا ئوخشاش بول

—— تىيانشاننى ئاچقان بىر ياشقا بېغىشلاپ.

ماڭ،
يىگىت!
مۇرەڭدە كىتاب بار، يەلكەڭدە مىلتىق.
ماڭ،
يىگىت!
كومپاسنى ئېلىپ، شىنېلنى كىيىپ...

---

① مەرھۇم لىن جىلۇنىڭ تۈرمىدە يازغان «مەھبۇسلار ناخشىسى»دا ”بىز تۆككەن قانلاردىن بايراقلار قىزىل رەڭ ئېلىپ، مەڭگۈ يەلپۈللەيدۇ“ دېگەن مىسرالار بار —. ئاپتور.

مەغرۇرانە ـ
چىقتىڭ سەپەرگە،
بوغداي ئۆكلۈك نۇرلۇق يۇزۇڭگە
كەل، يەنە بىر تىكىلىپ قاراي.
مۇشۇ قاۋۇل جۈپ قوللۇرۇڭنى،
كەل، يەنە بىر چىڭ قىسىپ قالاي.

سەن دېدىڭ:
ــ شېئىر يازساڭ ماڭا بېغىشلاپ...
بولىدۇ، يازاي بىرقانــچە مىسرا.
شېئىرىم ماۋزۇسى بولسۇن تىيانشان.
تىيانشان ــ سەن ئۈچۈن ياخــشى سەركەردە،
تىيانشان ــ سەن ئۈچۈن ئۆرنەك ھەرقاچان.

ئۈمىدىم شۇ:
تىيانشاندەك بول!
كۆكرەك كېرىپ مەردلەرچە ماڭغىن.
ئۆسكىن يامغۇر ـ جۇدۇنلاردا سەن،
ئاشۇلاردىن ـ
ئوزۇقلۇق ئالغىن!

ئۈمىدىم شۇ:
تىيانشاندەك بول!



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بولغىن شۇنداق باتۇر، مەردانە.
باھار گۈلۈك، كۆزلۈك مېۋەڭدىن،
ئالسۇن ۋەتەن-
يېڭى مەنزىرە...

## چېگرا يوللىرى

تاغلاردىن يېغدى تۈن ئۆز پەردىسىنى،
چۆللەرگە كەڭ يايدى سەھەر يېپەكنى.
تۆگىلەر جەنۇبقا،
ئاتلار شىمالغا...
ماڭدى شۇ چوڭ يولدا ئوخشاپ بەلباغقا؛
ئۇ، بەلباغ ئالتۇندىن، كۈمۈشتىن نۇرلۇق،
ھەر رەڭلىك ئەسلىتەر رەڭدار شەپەقنى...

تۈنۈگۈن تونۇش ئەمەس، يوق بۈگۈن دەخلى!
شۇ چىللاش — "يولداش!" دەپ
ھەممىگە ئورتاق.
تاماكا چېكىشەر،
قىلىشار چاقچاق.
ئۇزۇقلۇق بولمىسا ئويلىما ئۇنى؛
نان بىلەن تولۇقتۇر ئۇنىڭ خالتىسى
خۇرجۇندا سەن ئۈچۈن باردۇر قوغۇنى...

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

يېقىملىق ھەممە سۆز
ئېيتىلار بۇندا،
ئورماندىن كەلگىنى
دەيدۇ: "ئۇلارنىڭ
چىنىدىن چوڭ ھەربىر كىچىك موگۇسى".
مۇچاڭغا بارغىنى
دەيدۇ: "ئۇلارنىڭ
تايىنچا، ئاتقا تەڭ بالا بۇغىسى..."

سۆزلەڭلار، كۆلۈڭلار!
سەپەرچىلەرگە
جىمىكى يەردە بار ھەمراھ ھەم سىرداش.
جىمىكى يەردە بار ئېسىل جەۋرلەر،
كەچ كىرەر،
"پاق...پۇق..."
قامچىلار تۇتاش-
تېگىدۇ ئاتلارغا، ئىتتىكلەر قەدەم.
"ھا...ھا...ھا..."
كۆلكە ھەم چاقچاقلار بىلەن،
قىلچە ھارغىنلىقنى سەزمەيدۇ ئادەم.

تاغلاردىن يىغقاندا تۇن پەردىسىنى،
چۆللۈككە كەڭ يېپەك يايغاندا سەھەر،

تۆگىلەر جەنۇبقا،
ئاتلار شىمالغا...
مېڭىشار باشلىنىپ يەنە بىر سەپەر.
تېپىشىپ كارۋانلار يېڭى دوستلارنى،
سۆزلىشەر شۇ يولدا يەنە خۇش خەۋەر...

## كىگىز ئۆيدە مېھماندا

ئاڭلىشىپ بېيجىڭدىن كەپتۇ دەپ مېھمان،
يەڭگەم ئوت قالىدى ئالدىراش چايغا.
سېلىندى كىگىزنىڭ ئوبدىنى يەرگە،
چاپلاندى رەسىمنىڭ يېڭىسى تامغا.
كۇتتۇشۇپ مېھماننى پۈتۈن ئۆي ئىچى،
چىقىشتى چوڭ ـ كىچىك ئىشىك ئالدىغا.

داستىخان يېيىلغان، ھەممىسى تەييار،
تەييار دۇر سېرىق ماي، قۇرۇت ھەم ئايران.
ئوك ياقتا قوغۇن بار،
سول تەرەپتە نان،
كىم ئەگەر تويدۇم دەپ قول تارتماق بولسا،
قېرى چال زورلايدۇ مەزەگە شۇ ئان.

www.uyghurkitap.com

قوزىلار تاقلايدۇ ئۆي ئەتراپىدا،
بالىلار ئىشىكتىن ئاستا مارايدۇ.
مېھماندوست كىگىز ئۆي،
ئۆز ئۆيۈك گويا،
كۈلىدۇ يايلاقتا قۇياشنىڭ نۇرى،
گۈلخاندىن كىگىزدە شەپەق چاقنايدۇ.

ئاڭلىنار پەقەتلا كۈلكىنىڭ ئۈنى،
ۋە لېكىن تۈزۈكرەك بىلمەيمىز سۆزىنى.
ھېچقانچە گەپ ئەمەس،
تىلنى بىلمىسەك،
كۈلىدۇ تەبەسسۇم ئوينىغان يۈزى،
كۆر، ئاۋۇ مومايىنى ئانامنىڭ ئۆزى...

## يىلقىچى قىز

ئاسمان يايلاققا،
يايلاق ئاسمانغا،
تۇرىدۇ تۇتىشىپ، كۆرۈنمەس ئۇچى.
يىلقىچى قىز بارار ئۇچۇپ يايلاقتا،
يەر كۆكىنىڭ ئارىسى بىر قامچا بويى.

شامالدىن يايلاقتا دېڭىزدەك دولقۇن،
تۈمەن يول سوزۇلغان ئات تۇزۇتقان چاڭ.
ئاشۇ قىز شەپەقتە ئېيتىپ تەرىنى،
چاپىدۇ ئېتىنى ئۇپۇقلار تامان.

شاۋقۇنلار سۈزۈك سۇ،
چايقىلار گۈللەر،
ئۇزاقتىن ئۇزاققا ياڭرار شوخ غەزەل.
يىلقىچى قىز بارار ئۇچۇپ يايلاقتا،
گۈل ئوخشاش يېنىك ئۇ، تۇرنىدەك گۈزەل.

كۆللەردە قىپقىزىل كۆكلەكنىڭ ئەكسى،
چاچلىرى گۈل ئارا كۈلىدۇ خەندان.
ئۇ قىز بار، يەنىمۇ ياشىرار يايلاق،
ئۇ قىز بار، يەنىمۇ كۆپكۆكتۇر ئاسمان...

## ئاقىننى زىيارەت قىلىش

كىم چالغان كۈيدۇ بۇ؟
شۇ قەدەر گۈزەل!
تۇرىدۇ بۇ كۈيدىن تاغلار مەس بولۇپ.
كېلىدۇ بۇ كۈيدىن سۈت چاي پۇرىقى،
كۆلچەكلەر ئاققاندەك شاۋقۇنلار ئۇرۇپ.

بۇ كۆيدىن كۆرسەن، تايلار قىيغىتار،
ۋە سېمىز قوزىنى سىلايمەن تۇتۇپ.
جور بولار شۇ كۈيگە
چۈپان ئاخشىسى!
جور بولار ياۋا غاز —
ئۇچقان كۆك بويلاپ!
توختايدۇ تۇرنىلار سىلىشىپ قۇلاق،
ئۆتكۈنچى ئالدىغا باسالماس ئاياق.

كۆك كۈمۈش تاۋاردەك،
يەر — خۇددى دۇردۇن،
كېلىدۇ زىيارەت ئۈچۈن كۈي چىللاپ.
كۈيچى — بۇ ئەسلىدە بىر قېرى قويچى،
زاتىدىن مېھماننى كۈتەر ئالقىشلاپ.
ئاڭلىغىن ئۈچ كۈنلەپ مەيلى كۈيىنى،
ۋە لېكىن ئۆتمۈشتىن ئاچماس ئەسلا گەپ.
كىم ئەگەر ئۇنىڭدىن سورىسا شۇنداق:
"نېمىشقا بۇ ھەقتە سۆزلىمەيسىز؟" دەپ،
ئۇ ئېيتار: "ئۇنتۇشقا كونا كۈيلەرنى:
ئۇ چاغدا ئەلەمدىن ياش تۆكۈپ زار-زار،
ئۇزۇلگەن شۇ ياشتىن تومەنىمىلىك گەز تار،
ئەسلىگىم كەلمەيدۇ ئۆتكەن كۈنلەرنى...".

# چۆلدىكى بوۋاي

## 1. ئۆتمۈش ناخشىسى

چۆلدە تۇغۇلۇپ،
چۆلدە ئۆستى ئۇ،
چۆللەردە مېڭىپ
ئېگىلدى تىزى.
چۆلدە ئاقاردى
ساقىلى، چېچى.

ئۇراتتى ۋايساپ
قىش شۇۋىرغىنى.
سۇغا چىلايتتى
كۆزنىڭ يېغىنى.
يوق ئىدى چۆلدە باھاردىن بەلگە.
بىساتى ئۇنىڭ
يىرتىق بىر تېرە
ماكانى ئۇنىڭ بىر ئېغىز گەمە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىر ئادرېسى

ئۆلسە چوقۇيدۇ
قاغا ـ قۇزغۇنلار،
گەر تىرىك بولسا
بەخشەندە بايغا.
قاچاي دېسىمۇ قاچسۇن نەگە ئۇ؟
چوڭ باي قولىدا
زېمىن ھەم ئاسمان،
كىچىك باي ئىگە
ئۈچ مىڭ يول جايغا.

ئېخ، ئۇ چاغلاردا
چۆل كۆز ئالدىدا،
خۇددى چېكى يوق مازار ـــ گۆرىستان.
بېشىدىمۇ تاش،
پۇتىدىمۇ تاش،
بۇ ئېغىر مەنزىل پۈتمەس بىپايان.
قورقۇنچلۇقى:
بىر ئۆمۈر بويى
بۇنداق قىسمەتتىن قۇتۇلۇش گۇمان...

## 2. بوگۇنىنىڭ ناخشىسى

چۆلدە ئويغىنىپ،
چۆلدە تۇردى ئۇ،

شەرق شاملىدىن
كۆچ تاپتى ئۆزى.
بەخت نۇرىدا-
قىزاردى يۈزى.
ئۆتمەكتە باشتىن
بالىلىق چېغى،
كەلدى قولىغا
يىتكەن ياشلىقى.
كىم دېسۈن بوۋاي سەكسەن نەچچىدە؟
شۇ بوۋاي باشلاپ
تەكشۈرۈش دۈينى
تاقىماقتا بايراق مىڭ يوللۇق چۆلگە.

دەس تۇرسا كۆككە
تاقىشار بويى،
ماڭسا غەيرىتى
جۇش ئۇرۇپ قاينار.
شۇنچە خۇش چاغ ئۇ، شۇنچە مەغرۇر ئۇ،
گەر تورۇق ئاتقا
ئۇرسا بىر قامچا،
دۇلدۇلدەك ئۇچار
مىڭ يوللاپ ئالغا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئېـخ، بۈگۈن بىركىم
دېسە: چۆل يوغان،
ئۇ، چۇشەر دەرھال بەس ـ بەسكە ھامان:
”تۇپرىقى ئالتۇن،
زۇمرەتتەك ئاسمان،
بىراق تارلىقى قىلار بىئارام.
قورقۇنچلۇقى:
چوڭ ماشىنىلار
سىغماي قالارمۇ دەيمىز بىر زامان...“

## قازاق قىزى

—— رەسىم سىزغاندا.

يۈزلىرى گوياكى سەھەر شەپىقى،
كۆڭلىكى ئوخشايدۇ گۈزەل يايلاققا.
قاپقارا قاشلىرى قارلىغاچ قانىتى،
كۆزلىرى ئوخشايدۇ تىنىق بۇلاققا.
بۆكىگە چېكىلگەن ئالتۇندىن كەشتە،
تاقىغان ئەڭ ئېسىل مارجان چاشنىگە.

قارىساڭ ھەرقاچان قۇنچىدا ئۇنىڭ،
تۇرىدۇ خەنجىرى ئوۋچىلارغا خاس.

چىرايلىق ئېچىلغان چىنە گۈلنى،
چېچىغا قاداشقا ئامراقلىقى راس.
گەر ئۇسسۇل ئوينىسا يۇمشاق پاختىدىن،
ئات چاپسا يېتەلمەس بۈركۈت ئارقىدىن.

گەر باسسا پەدىنى نازۇك قوللىرى،
سازىغا ھەركىمنى قىلىدۇ شەيدا.
گەر ئاساۋ ئاتقا ئۇ تاشلىسا سالما،
شۇ قولدا بولىدۇ مىڭ جىڭ كۈچ پەيدا.
سىزماققا مۇشۇ قىز ھەققىدە سۈرەت،
بىلىمەن، كېرەك ئەڭ يۈكسەك ماھارەت.

رەسىمدە كۆرسەتسۇن شۇ ماھىر رەسسام.
قىزلارغا خاس گۈزەل شەكلىنى ئۇنىڭ.
كۆرسەتسۇن، باتۇرلۇق مەرتلىككە تولغان
يىگىتلەر قەلبىدەك قەلبىنى ئۇنىڭ.

## مۇچاڭدا

نېمە بۇ، قويلارمۇ يۈگۈرۈشۈپ بارغان؟
ۋە ياكى بۇلۇتمۇ چايقىلىپ تۇرغان؟

www.uyghurkitap.com

تننق كۆل بويىدا يەلپۈنەر ئوتلار!
"دۈ...دۈ...دۈت..."
سىگنال بەردى-دە شۇ ئان،
توختىدى ماشىنا، چۈشتى ئادەملەر،
ھەممىسى تەكشۈرۈش بىكەتتىن كەلگەن.
كۆرۈشتى موزاينى سىلاپ-سىپلاپ،
"سىمىزكەن!" دېيىشتى ماختىشىپ زوقمەن.

ئۆزاقتىن ئۆزاققا ياڭرار ئەن-قوشاق،
يەلپۈنەر قىزىلتۇغ، كۆلىدۇ يايلاق.
كىگىز ئۆي ئالدىدا ھاۋشىيدۇ تايغان،
"تاق...تاق...تاق..."
ئاڭلىنار بىر شەپە شۇ چاغ.
بۇ سادا چىققاندۇ ئات تۇۋىقىدىن،
قويچى قىز ئوتاۋغا قايتىپتۇ دېمەك.
قاراڭلار، يۈزدە ئوينايدۇ كۈلكە
بۇگۈنمۇ تۆللەپتۇ قويلار قوشكېزەك...

## بوز يەر ئاخشىمى

### I

يۇلتۇزلار چىقىشتى ئېتىز بېشىدىن،
جاي ئالار شەپەقمۇ سوقا چىشىدىن.

توختىدى ماشىنا،
دەم ئالدى ئاتلار،
شامالدا دىماغقا ئۇرار گۈپۈلدەپ،
ئەمدىلا هايدالغان ئېتىز پۇرىقى؛
ئاي بوز يەر تۈننى تۇرماقتا بىزدەپ.

## II

ئەي بوز يەر ئاخشىمى، ئەي قىزىل ئاخشام!
هەر چېدىر ئىچىدە ياندۇ پانۇس.
تۇرىدۇ ئاجايىپ رەڭ ئېلىپ ئاسمان،
تۇرىدۇ نۇرلىنىپ چەكسىز دالا ـ تۈز،
كۆللەردە قىزىل نۇر ئەكسى پارلايدۇ،
بوز گىرىم قىلغاندەك گۈزەل چاقنايدۇ.
ئەي بوز يەر ئاخشىمى، ئەي قىزىل ئاخشام.
قوينۇڭدا ناخشا ـ كۈي، ئۇسسۇل ياڭرايدۇ!

ئۇيغۇرنىڭ قىزلىرى، قازاق يىگىتى،
ئوينايدۇ ئۇسسۇللار، ئوينايدۇ قانماي.
قىپقىزىل كۆڭلەكلەر تاۋلىنار گۈزەل،
كوئىنلۇن گۈللىرى ئاچقاندەك چىراي.
قوللاردا ئويىنغان داپلار گوياكى ـ
تىيانشان ئېغىدا چىققان تولۇن ئاي.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## III

ناخشىدىن لەرزىگە كەلمەكتە ئەتراپ،
ئۇسسۇلدىن تاغ ـ دەريا دولقۇنلانماقتا.
تېرىم ئۇسسۇلمۇ بۇندا ئوينالغان؟
ھە شۇنداق، ئىشچانلار ئۇرۇق چاچماقتا.

چېچەكلەر كەڭ دالا خۇددى رەسىمدەك،
ئوخشىغان ئاشلىقتىن يېڭى تۈس ئالسۇن.
چېچەكلەر كەلگۈسى چىرايلىق ھايات،
ئەسىرلەپ باھاردەك ياشىرىپ بارسۇن...

## يايلاقتىكى كىنو ئەترىتى

ماشىنا، ھارۋىدا، تۆگە ـ ئۇلاقتا،
تۈنلەردە، ئايدىڭدا ئۇچۇپ يايلاقتا،
ماڭىسىمۇ مىڭ لى يول بىلمەس چارچاشنى!
«بوستانلىقتا تەنتەنە»نىڭ① ناخشىسى دىلدا،
بارار «قىزىل بوران»② قامچىلاپ ئاتنى.

---

①② كىنونىڭ ئىسمى.

ئەكىلەر يايلاققا جياڭنەن① گۈرۈچى،
ئورمانغا فۇشۇننىڭ② كۆمۈرلىرىنى.
كىنوغۇ تۈگەيدۇ، تۈگىمەس ناخشا،
شاد كۈيلەر ئۆزىدۇ تۈندە ھەر ياقتا،
شۇ كۈيدە ئۇخلايدۇ يايلاقمۇ ئاستا.

قارىغىن، ماۋۇ قىز كۈلمەكتە تاتلىق،
چۈشىدە شۇلارنى كۆرۈۋاتامدىكىن!
يۈيچاڭدىكى③ تانسىدا «نياڭزىجۈن»دىكى④
چيۇڭ خۇا⑤ ئىككىسى كېتىۋاتامدىكىن؟
ياكى خەنيىڭ⑥ بىلەن «چىۋېيدۈي»دىكى ⑦
«خۇڭخۇ ناخشىسى»نى ئېيتىۋاتامدىكىن؟...

---

① جياڭنەن — چاڭجياڭنىڭ جەنۇبى، گۈرۈچ ماكانى.
② فۇشۇن — يەر ئىسمى.
③ يۈيچاڭ — بېلىقچىلىق فېرمىسى
④ «نياڭزىجۈن» — «قىزىل ئاياللار قوشۇنى».
⑤ چيۇڭخۇا — «قىزىل ئاياللار قوشۇنى» فىلىمىدىكى باش قەھرىمان قىزنىڭ ئىسمى.
⑥ خەنيىڭ — «خۇڭخۇنى قوغدىغۇچىلار» فىلىمىدىكى باش قەھرىمان قىزنىڭ ئىسمى.
⑦ «چىۋېيدۈي» — «خۇڭخۇنى قوغدىغۇچىلار» فىلىمىنىڭ خەنزۇچە ئىسمى (ئىزاھاتلار تەرجىماندىن).

# چوپاننىڭ يۈزى

تۆمۈردەك قارايغان چوپاننىڭ يۈزى،
كەسكەندەك گويا كى پىچاقتا تىلىپ.
ئۆتكەندى چارۋىدار — باينىڭ قامچىسى،
چوپاننىڭ يۈزىگە چوڭقۇر ئىز سېلىپ.

تارىلاپ ئاققاندى كۆز يېشى، قېنى،
قەرزىگە تەڭ كەلمەس شۇ ئېگىز ئاسمان.
قانچىلاپ جۇدۇنلۇق تۈنلەرنى بېسىپ،
ئۆمۈرنىڭ شۇ قانلىق يولىدىن ئاشقان.

شەپەقتە قىزاردى چوپاننىڭ يۈزى،
ئۇ گويا يۇلتۇزدەك چاراقلاپ كۈلدى.
گۈلچەندەك كۈن بولۇپ چاچقان نۇرىدا،
يورۇدى ئىقبالى، غەيرەتكە تولدى.
سەككىز مىڭ يول باسار سىلكىسە قامچا،
بىر ئوقتا ئوۋلايدۇ ئىككى ئاكنى ئۇ.
يايلاقنى شۇ چىراي ئاسراپ تۇرغاندا،
چاغلىقتۇر ھەرقانچە جۇدۇن-بورانمۇ...

# يەنئەنلىك كادىر

——بىر چارۋىچىلىق رايونىنىڭ شيەنۋېي شۇجىسى ھەققىدە.

تورۇق ئات مىنىپ،
ئوۋ مىلتىق ئېسىپ،
ئون ئىككى يىل بۇرۇن كەلگەن شىنجاڭغا،
تۇرقىدا شەنبېيدىن① يوق بىرەر بەلگە.

كېتىدۇ دومبىرا قولىدا سايراپ،
شۇ قەدەر مەززىلىك ئۇ پىشۇرغان نان.
بارمىساڭ كۆڭۈللۈك كېچىگە ئەگەر،
يەنئەنلىك دېمەيسەن ئۇنى ھېچقاچان.
ئۇ ئېيتقان شۇنتيەنيۇ② دىلدا زوق قوزغار
شۇنداقلا تىلغا راۋاندۇر چىنچياڭ③.

ئايرىلىپ ئوۋچىلار ئەترىتىدىن ئۇ،
كۇندۇز-تۈن ئىشلەشكە مۇچاڭغا كەلدى.
ئون ئىككى يىل گويا بىر سەھەر-تاڭدەك،
ئالدىراش ئىش بىلەن ئۆزىدى، كەتتى.

---

① شىمالىي شەنشى.

②③ شىمالىي شەنشىنىڭ يەرلىك ناخشا-كۈيلىرى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

باشقىلار تېيىنىشىپ چاپسىمۇ ھەر يان،
تاپالماي ئىشىدا يىپىنىڭ ئۇچىنى.
ۋە لېكىن بىر ئىز بار ئۇنىڭ كۆڭلىدە،
شۇ ئىزغا سالغان ئۇ ھەممە ئىشىنى:
ئىستەيدۇ —
يەنئەندە يانغان ماياكىنىڭ
كىگىز ئۆيلەردە نۇر چېچىشىنى.

## سۇمبۇل چاچ

قىزنىڭ ئۆيى چوڭ كوچىغا قارايدۇ،
ئىشىكىدە چاچلىرىنى تارايدۇ.
بىردە تاراپ، بىردە توختاپ، مەھەللىنىڭ —
چېتىدىكى چۆل تەرەپكە قارايدۇ.

نېفىت كانى چىققان ئاشۇ چۆللۈكتىن،
بۇرۇۋوي ئۈنى قىز دىلىغا يارايدۇ،
بوران ئۇچقان چۆللۈك بۈگۈن ياشاردى،
مۇدەن گۈلنىڭ خۇش پۇرىقى تارايدۇ.

ھارۋىلاردا خەق مېڭىپتۇ چۆللۈككە،
يېڭى كاننى ئۆز كۆزىدە كۆرگىلى.

قىزنىڭ يۈزى نېچۈن قىزىل دېسەڭلار،
ئاشۇ كاندا بۇرووۋيچككەن سۆيگىنى.

# هارۋىكەش

## I

ئون سەككىز يېشىدا بولدى هارۋىكەش
هارۋىدا ساقلى ئاقاردى قاردەك!

بارىدۇ هارۋىسى شۇ قەدەر يېنىك
گوياكى شامالدا يەلپۈنگەن تالدەك...

## II

قاياققا يۈگرەيدۇ؟ ياق، يۈگرەپ ئەمەس،
گوياكى يەلكەندەك دولقۇنلاپ بارار.

تۇرنىدەك ئۇچىدۇ ئېگىزلىككە ئۇ،
تۆۋەنگە شارقىراتما ئاققاندەك ئاقار.

ھەرقانچە تاغلارمۇ كاشال قىلالماس،
ھەيۋەتلىك دەريالار ئۇنى توسالماس.

قاراڭلار، بوۋاينىڭ كۆزلىرىدە ياش،
نېمە ئوي چۇلغىدى ئۇنىڭ دىلىنى؟

يادىغا ئالدىمۇ ئېغىلدا يېتىپ،
ئۆتكۈزگەن ئۆمرىنى — ئاتمىش يىلىنى؟

يادىغا ئالدىمۇ باي قامچىسىدا
تولغىنىپ ئېگىلگەن ئاجىز بېلىنى؟

ياق، ئاشۇ ھارۋىنى ئويلايدۇ شۇ تاپ،
بارىدۇ شۇ ئۇزۇن يوللارنى ئويلاپ.

ئۆزگەردى ئاسمان!
ئۆزگەردى ئىنسان!

ئەمدى ئۇ باي ئۈچۈن ئېپ قاچمايدۇ قىز،
ئالدىرار گۇڭشېغا — يىغىنغا قاراپ.

يىگىتلەر كۈلكىسى مەغرۇر جاراڭلار،
قىزلار ناخشىسىدا ياڭرايدۇ ئەتراپ،

گۇڭشېدا پارتىيە يىغىنى بۈگۈن،
ئەنە شۇ يىغىنغا بوۋاي دېپۇتات.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىدائى ئادرېسى

### III

شەپەقتىن تۇمەن يول تاۋلىنار چاقناپ،
يول بويى تۇرخۇندىن ئىسلار ئۇچىدۇ.

قارىغىن نەقەدەر كۆچلۈكتۇر بوۋاي،
ئېتىمۇ تولۇمدەك سېمىز تۇرىدۇ.

ئۇزاقلاپ كەتسىمۇ هارۋا، بۇ يەردە-
كۆلكىلەر تېخىچە ئۇچۇپ يۈرىدۇ.

## ئون بىرىنچى

—— ئات بەيگىسىدە.

تۇزۇلىدى مۇچاگىدا كەڭ سەينا — مەيدان،
چۇشۇشتى بەيگىگە دۇلدۇللار شۇئان.
ئونچە ياش-
چەۋانداز-ماهىر هەربىرى،
ئون دۇلدۇل-
ئاتلارنىڭ تازا سەرخىلى،
تۇمەن يول شەپەقلەر، كۆز يەتمەس تۇمان
كۆكسىنى دۇلدۇللار كېسىشتى هەر يان.

يېتەلمەي چاقماق ھەم گۈلدۈرمامىلار،
پۇرقىراپ ئارقىدا قالدى توپا-چاڭ.

قارىغىن، كىمدۇ ئۇ، كەلمەكتە قوغلاپ،
كەلمەكتە ئىز بېسىپ ئون بىرىنچىسى!
ئات خۇددى شامالنىڭ ئىچىدە دولقۇن،
شۇ دولقۇن ئۈستىدە گۈلدۈر ئىگىسى.
يېقىنلاپ كەلدى، كۆر، ئاشۇ بەيگىچى!
قىزىلدۇر ياغلىقى، كۆڭلەك-ئۆتۈكى.
بۇ بىرنىڭ قايچىغۇ!
كىچىككىنە قىز،
ئات قۇيرۇقىغا يەتمەيدۇ قولى،
بەيگىگە قانداقچە يەتتى جۈرئىتى؟!

سەينادا ھەممە خەق ئالقىشلار ئۇنى،
شاۋ-شۇۋلار ئاڭلانماس چاۋاك ئۈنىدىن.
غەيرەت قىل، غەيرەت قىل!
شۇ جىددىي چاغدا،
ئىخ،
بىردىن ئۇزەڭگە چىقتى پۇتىدىن!
ھەممىنى قاپلىدى شۇندا سوغۇق تەر،
ھەسسىنەم، پېشكەللىك كەلدى قاياقتىن؟!
ئېگەردە تۇرالماي ئاغدۇرۇلۇپ قايچا،
يىقىلدى مايسىغا، يىقىلدى ئاتتىن...



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

ئۇ، تۇرۇپ ئورنىدىن مىندى ئېتىغا،
مىندى ـ دە، يىقىلدى يەنە مايسىغا...
بولمىدى... بولمىدى...
ئۇن بىرىنچىلىك ـ
ئاتالغان پېتىچە قالدى قايچىغا.
شۇندىمۇ نېمىشقا ئالقىشلار ئۇنى؟
جەسۇرلۇق ئوتىدا يانىدۇ دىلى.
ئىشىنەر كۆپچىلىك:
بىر كۈنلەر چوقۇم
بولىدۇ ئاشۇ قىز بەيگىنىڭ گۈلى...

## كىچىك پىيما

سومكىسىنى ئاسقان بوينىغا،
بىر جۈپ كىچىك پىيمىنى كىيگەن
ئاشۇ بالا ئۆتىدۇ ھەر كۈن،
ئۆتەر ھەر كۈن مۇشۇ يول بىلەن.

باسقىنىدا قارنى پىيمىنىڭ ـ
ئاڭلىنىدۇ غاچ ـ غاچ قىلغىنى.
يېڭى خەتنى يادلاپ يول بويى
ئېيتىپ بارار يېڭى ناخشىنى...

www.uyghurkitap.com

قاراپ ئۇنىڭ شەكلى تۇرقىغا،
ئاتىسىنى ئەسلىدىم شۇ ئان:
بوياپ بارغان ئۇنىڭ ئىزىنى
تاپىنىدىن ئاققان قىزىل قان.
يەلكىسىدە قامچىنىڭ ئىزى،
يۈدۈۋالغان ئوتتۇنى ئېغىر.
يۈزلىرىدە مونچاق-مونچاق ياش،
بويىنىدا بار قولۇپلۇق زەنجىر...

## ئورمان ئاسرىغۇچى بوۋاي

كۆرۈنمەيدۇ بىرەر دۇكان يېقىن يەردە،
دۇكان تۈگۈل، كەنتتىنمۇ يوقتۇر بەلگە.

تۈندە روجەك ئەتراپىدا ھۇۋلار بۆرى،
ئىشىكلەرنى توسۇپ ئالار تاغنىڭ قارى.

يازغانلىرىم تۇيۇلسىمۇ ئازاب بولۇپ،
ئۇ، تارتقاننى يازالمىدىم تېخى تولۇق.

قارا بوران قومۇرىدۇ دەرەخلەرنى،
ئۈچ چى قېلىن قار ياتىدۇ قاپلاپ يەرنى.

ئەدىگەنچە جۇدۇن ـ چاپقۇن شىددەت بىلەن،
بوۋاي تاشلار دادىل قەدەم غەيرەت بىلەن.

كۈنگەي تاغنى كۆرۈپ بارار، تەسكەي تاغقا،
چوڭ دەرەخنى كۆرۈپ، قارار كۆچەت ـ شاخقا،

بوۋاي ئېيتار ئۇقمىسىمۇ سۆزلىرىنى،
ھەر دەرەخكە تىكىپ بىر ـ بىر كۆزلىرىنى:

”تېز ـ تېز ئۆسكىن، بوي سوزغانچە كۆكنى قۇچۇپ
سانسىز ئۆيلەر قۇرۇلۇشى تۇرار كۈتۈپ.“

”ھەي، سەن تېخى يېتىلمىدىڭ، باردۇر ۋاقتىڭ،
ئۆرلە قېنى، ئاسمانسېرى غۇلاچ ئاتقىن...“

تاڭ سۈزۈلۈپ، چۈشكەنگىچە گۇگۇم ئاخشام،
ئاشۇ خىلدا ئىشلەر بوۋاي، ئىشلەر ھامان.

چەت ياقىدا ئۆتسىمۇ گەر ئېيى ـ يىلى،
زېرىكىشنى بىلمەس ئەسلا بوۋاي دىلى.

ئاسرار بوۋاي دېڭىزدەك كەڭ ئورمىنىنى،
ئاسرىغاندەك ئوغلىنى ۋە نەۋرىسىنى.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىر ئادرېسى

# كۆچۈش

ئۇرماقتا ئەمدى كەچكۈز شاملى،
شىمالىي تاغمۇ قاپلاندى سوغقا.
يىغىپ ئۇتاۋنى كۆچمەكتە ئەنە،
كۆچمەكتە بۇ ئېل قاراپ جەنۇبقا.

تەقلەندى قازان، تەقلەندى چىنە،
يۆگەلدى كىگىز، يۆگەلدى ئەدىيال.
گويا كۆز يۇمۇپ ئاچقان بىردەمدە
تېڭىلدى يۈك ـ تاق، ھەممىسى تەييار.

مىنىپ ئېتنغا سالغاندا قامچا،
خۇددى ئۇچقاندەك يول ئالدى يىگىت.
نەگە بارار ئۇ؟
قوشنىلىرىغا ـ
قىلماققا ياردەم بارار قىچقىرىپ.

قويلار شۇنچە كۆپ يەتمەيدۇ ساناق،
چېكى كۆرۈنمەس يىلقا ـ ئاتلارنىڭ.
قىزىل چاپانلىق قىز ئۇچار ئاتتا،
يايلاقنا دولقۇن ئەتكەن شامالدىن.

قارىغىن ئاۋۇ ياشانغان چالغا،
مەيىن شامالدا ياڭرايدۇ سازى.
بىر ياقتىن مېڭىپ، بىر ياقتىن كۈيلەر،
يىراق-يىراققا كېتەر ناخشىسى.

ئۇ، كۈيلەر: يايلاق گۈزەلدۇر شۇنچە،
ئالتۇن دېڭىزدا كۆك ئاسمان ئەكسى.
قويلار، كالىلار دېڭىز دولقۇنى،
ئاتلار دېڭىزنىڭ كاراپ-كېمىسى.

كۈيلەر، چوپانلار شادلىقىنى ئۇ،
بايلار بۇ يەردىن مەڭگۈ يوقالغان.
بىپايان يايلاق چۈپاننىڭ يېرى،
چۈپانغا تالىق ھەتتا كۆك ئاسمان...

## غۇلجا كوچىلىرى

شەپەقتە قىزىرىپ تۇرار چېدىرىدەك،
ئەتراپى ئورىلىپ بۇك دەرەخ بىلەن.
ئوينايدۇ تاڭ نۇرى ئالما ئۇچىدا،
كوچىدا ئاقار سۇ، يوللىرى چىمەن.

گۈللىرى ھەر ياڭزا، شاملى مەيىن،
ئېخ... توپ ـ توپ بۇلۇتلار چاقنار رەڭمۇرەڭ.

گۈزەلسەن، ئەي غۇلجا، گۈزەلسەن شۇنچە،
ئادەملەر ئىچىدە مۇشۇ گۈزەللىك ـ
ھەممىسى مەشەدە تۆرەلگەنمىكىن؟
ۋە ياكى كۆكتىكى گۈلچى پەرى قىز،
ئەڭ گۈزەل گۈللەردىن تىزىپ گۈل دەستە،
گۈل شەھەر، كۆكسۈڭگە گۈل تۆككەنمىكىن؟

ئەتراپتا جاراڭلار ناخشا بىلەن ساز،
ئادەملەر ئوخشايدۇ گويا كى گۈلگە.
ئۇيغۇرنىڭ قىزلىرى كىيگەن چىمەن بۆك،
قازاقنىڭ قىزلىرى ئاسقان چاشتەڭگە.
ئەتراپ رەڭمۇرەڭ
نۇر بىلەن چاقنار،
كوچىلار رەڭدار، شەھەرمۇ رەڭدار.

ئېخ غۇلجا، ئېخ غۇلجا!
سېنى قانداقچە
ئاتاي چېگرادىكى كىچىك شەھەر دەپ.
سەن سوتسىيالىستىك بارچە مىللەتنىڭ
چوڭ ئائىلىسى ياشنىغان گۈللەپ...



ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# ئورمانلىقتىكى خاتىرە

بۇ دەستە نېمە گۈل ئېيتقىنا ماڭا؟
ئۆتكۈردۇر قاتلىرى،
ئەگىم شاخلىرى،
ئوخشايدۇ شۇ قەدەر يوغان قايچىغا.
ئېيتقىنا، شۇمىدۇ،
چىرايلىق رەڭدار-
گۈللەردىن كىيىملىك پىچقان بۇلبۇلغا؟
ۋە ياكى ئالتۇندەك ئېسىل مۇڭگۈزنى
ئېيتقىنا شۇمىدۇ تاققان بۇغىغا؟

ئېيتقىنا، سەن ماڭا بۇ قايسى دەرەخ؟
تۇرار تىك قىرغاقتا،
بىقىپ ئۇزاققا...
پىلانلاپ تۇرامدۇ
چوڭ يول سېلىشنى؟
مەشەنى مەدەنىيەت-
يۇرتى قىلىشنى؟
پىلانلاپ تۇرامدۇ ياكى بۇ يەردە،

پورت قۇرۇپ، بىر كۈنلەر شەرقىي . دېڭىزدىن -
قېيىقلار، يەلكەنلەر باشلاپ كېلىشنى؟...

# زىيارەت

خوشلىشا - خوشلىشا چىقتىم ئىلىدىن،
كوئىنلۇن قارلىرى قارشى ئالدى مېنى.
قىلدىم مەن زىيارەت مۇچاڭ، نۇڭچاڭنى①.
شىمالىي شىنجاڭنى، جەنۇبىي شىنجاڭنى.

ۋاقتىنى يۇگەنلەپ ماڭدىم كۆپ يوللار،
كۆرمىگەن يېڭى يەر — بوُلار بارلىقى.
كەڭسايىنىڭ قىزارغان يوپۇرماقلىرى،
ئالدىمدا تارىمنىڭ توغراقزارلىقى.
ئالدىمدا چاپچالنىڭ بۇلاق سۇلىرى،
ئالدىمدا قىزىلسۇ — قۇياش نۇرلىرى.

كۆرمىگەن ئوتلاقلار ھەربىر پارچىسى
چىللايدۇ باغرىغا، مېھرىم تارتىدۇ.
مەن بېسىپ ئۆتكەن ھەر تارام - تارام يول،
تالاي خاتىرىلەرنى ئەسكە سالىدۇ.

① چارۋىچىلىق فېرمىسى، دېھقانچىلىق مەيدانى.



www.uyghurkitap.com

# جەنۇبىي شىنجاڭ يولى

جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئەي، چەكسىز يولى،
كۆرۈنمەس ئايىغىڭ كۆز تىككەن بىلەن.
رەتمۇرەت تارتىلغان رەڭدار بەلباغدەك،
تۇرسەن تۇتىشىپ كونىلۇنغا سەن.

ئەتراپتا يايلايدۇ كالىلار توپ ـ توپ،
يايلايدۇ قويلارمۇ شۇنداق توپ بولۇپ.

كۆلدۇ ئانارلار كۆككە باش تاقاپ،
تۇرىدۇ قوغۇنلار زېمىننى قاپلاپ.

ئاڭلىساڭ كۆي كۈيلەپ ئاققان شوخ سۇنى،
جور بولار ئورماندىن بۇلبۇلنىڭ ئۈنى.

چىرايلىق سازلارنى شامال ئەكىلەر،
ئەتراپىڭ ھەممىسى يېڭىچە كەنتلەر.

گۈل رەڭدار،
تۇرىدۇ رەتمۇرەت تاللار،

بۇ يەرگە كىم ئاسقان ھەسەن-ھۈسەننى؟
دەريانىڭ بويىدا، قەد كۆتەرگەن قىز-
سىلكىيدۇ يېيىشقا قىزىل كۆڭلەكنى...

## كۈزدە بۇلىيۇققا باردىم

كۈزدە مەن بۇلىيۇققا باردىم، ئۇ يەرنىڭ
سېپىدا ئۈنچىلەر ئاقار تاشقىنلاپ.
قاتمۇقات چۈنچىلەر مەرۋايىت راۋاق،
تۇرىدۇ ئۆيلىرى مارجاندەك چاقناپ.

كەيپىنى بۇزماڭلار شېرىن مەس بولۇپ،
تۇرار قىزىل سايۋا ئىچىپ ھازىر مەي،
بال تېمىپ كەتمىسۇن كىيىمڭلارغا،
بىجاقى شۇ قەدەر پىشقان بولۇپ مەي.

ئەي، توپ-توپ كارۋانلار ماڭدىڭلار قايان؟
يېزىغا كەلدى مول ھوسۇلنىڭ ۋاقتى.
ئاڭلىغىن، ياڭرىغان نېمە سادا ئۇ؟
بوستاننى جانلاتقان سۆيگۈ ناخشىسى.

ئەي، بۇلىيۇق، گۈزەلسەن تۇرار تۆت يېقىڭ
ئورۇلۇپ چىرايلىق قات-قات تاغ بىلەن.

ئەي، بۇليۇق، گۈزەلسەن، شىرىن ئۈزۈمنىڭ
ھەربىر تال دانىسى دىلنى قىلار قەن.

خۇش پۇراق شامالالار ئۇچار ئۇزاققا،
ھۆسنىڭگە قارايمەن تويمايدۇ كۆزۈم.
ھەر نوتا، ھەربىر شۇڭ خۇددى يىپ بولۇپ،
كەتمەسكە بۇ يەردىن باغلىدى كۆڭلۈم...

# مۇز داۋاندىكى زەمبىرەك سۈمبىسى

—— ئۈرۈمچى—كورلا تاشيولىنى ياسىغان جەڭچىلەر نۆلدىن تۆۋەن قىرىق گرادۇسلۇق قاتتىق سوغۇقتا، دېڭىز يۈزىدىن تۆت مىڭ مېتىر ئېگىزلىكتىكى تىيانشان تېغىنىڭ ئاساسىي چوققىلىرىدىن بىرسى بولغان مۇز داۋاننى كېسىپ ئۆتتى. قۇرۇلۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن شۇ يەردە ئىشلەتكەن سۈمبىلەرنى يول بويىدىكى قىيالارغا خاتىرە قىلىپ سانجىپ قويدى.

## 1

تۈمەنمىڭ گەز قېلىن مۇزلار، تاشلاردىن،
يارالغان مۇز داۋان تۇرار مۇز بويى.

كىم، قۇشلار ئۆتەلمەس داۋاندىن دېگەن؟
سانجىلدى بىز ئاتقان ئوقيانىڭ ئوقى.

سانجىلدى چوققىغا ئوۋلار چاقنىشىپ،
يېشىلدى تىيانشاننىڭ سىرلىق تۈگۈچى.

**2**

چىقسىمۇ تاغدا قار، قۇيۇن، شىۋىرغان،
جەڭچىلەر غالىبتۇر ئاندىن ھەرقاچان.

تاغ ئەگەر بولسىمۇ تۆمۈر ياكى گاڭ،
جەڭچىلەر چۆچۈمەس، يۈكسىلەر ھامان.

ئىشلەيدۇ، يول خەتەر، تاشلاردا يېتىپ،
ئاينى چىراغ، قارنى يېپىنچا قىلىپ.

ئاشلىق كەم، تاپماق تەس بۇندا سۇنى ھەم،
ئىشتانباغ ئۈچ تۆشۈك كېمىيىپ كەتكەن.

قانچىلاپ ئۆتكەلدىن، قىيادىن ئېشىپ،
ئوقيالار بارىدۇ ئالغا يول ئېچىپ.

جىلغىلار، مۇز تاغلار چۈشۈپ سۈرىدىن،
كۆكتە يول ئېچىلدى ئادەم قولىدىن.

www.uyghurkitap.com

## 3

ئېچىلدى ئوقيادىن ئاسمان قۇلۇپى،
باشتا كۈن، ئاياغدا بۇلۇتلار توپى.

پولاتتەك تاۋلانغان ئوقيالار ئوقى،
بولغاچقا يېپىلدى تىيانشان يولى.

بۈگۈندىن زوق ئالار ھەركىمنىڭ دىلى،
داستان قىپ كۈيلەيدۇ ئەۋلادلار تىلى ...

# بازار كۈنى

گوياكى شەپەقتەك تاۋلىنار چوڭ يول ،
ياش قىزلار ماڭماقتا بازارغا بىردەك.
بۆكىگە چېكىلگەن گۈزەل قىزىلگۈل .
كۆكلىرى كۆڭلەكتۇر، ھال رېڭى يېپەك.

قارا ئېشەكلەرنىڭ ئاقتۇر تۇمشۇقى،
بوينىدا قوڭغۇراق جاراڭلاپ بارار.
چوڭ كارۋان گوياكى رەڭدار كېپىنەك،
بارىدۇ تۈرنىدەك تىزىلىپ قاتار.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

بارىدۇ ئۆتۈشۈپ جىگدىلىكلەردىن،
ئۈزۈم باراڭلىرى قالدى كەينىدە.
ناخشىلار شۇ شېرىن ئۈزۈمدىن تاتلىق،
جىگدىلەر گۈل ئاچقان ھەركىم قەلبىدە.

يىراقتىن ئاڭلانغان نېمە سادا ئۇ؟
رادىئو سۆزلەيدۇ: "كەلدى بازارغا،
يېڭىدىن ناخشا-ئۇسسۇل ، تىياتىرمۇ بار...
بىر ياقتا تۇرلۇك مال، قوغۇن بىر ياقتا..."

بازارنىڭ بېشىدا چىللاپ تۇرغان كىم؟
يىگىتلەر بىزدىنمۇ كەپتۇ سەھەرلەپ.
بوي سوزۇپ قارايدۇ قىزلار نېمىگە؟
قارايدۇ: "بارمىكىن، يوقمىكىن ئۇ" دەپ.

كۈمۈشتەك تاۋلىنار قاتار ئۈزەڭگە،
قىزلار قامچىسىنى يەنە سىلكىدى.
كۆلكە ۋە چاقچاقلار كىردى بازارغا،
كوچىغا رەڭمۇرەڭ گۈللەر چېچىلدى...

# بادام دوپپىلىق يىگىت

بادام دوپپىنى كىيگەن ئۇ يىگىت،
شۇ قەدەر تېتىك ھەم، شۇنچە شوخ، قارا!
كۆك چاپان، ئاق كۆڭلەك ئۇستىبېشىدا
ئىنچىكە بۇرۇتى سىياھتەك قارا.
ئېشەكتە خۇرجۇنى، ئىككى بېشىنىڭ
بىرىسىدە قوغۇن بار، نەشپۈت بىرىسىدە.
ماڭغانمۇ يوقلاشقا تۇغقىنىنى ئۇ؟
ماڭغانمۇ ۋە ياكى بازار ـ رەستىگە؟

بادام دوپپىنى كىيگەن شۇ يىگىت،
شۇ قەدەر مەغرۇر ھەم، شۇنچە خۇش چاق ئۇ.
يول بويى چۇشمەيدۇ ئاغزىدىن ناخشا،
يولۇققان ھەركىمگە قىلار چاقچاق ئۇ.
ـــ قەيەرگە ماڭغاندۇ؟ ـــ ئويلايدۇ قىزلار،
كۆيوغۇل بولغىلى ماڭدىمۇ چەتكە؟
يىگىت دەر: "ئۆكتەبىر بايرىمى"نى مەن،
بارىمەن ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن بېيجىڭگە...

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# تارىم

تارىم،
ئەي تارىم!
بىپايان بوز يەرلەر، سانسىز دەرخلەر،
تۇرىدۇ قومۇشلار بوي تارتىپ كۆككە؛
چىرىگەن ياپرىقى ياتار قاتمۇقات،
سىقساق توپىسىنى
ماي تامار يەرگە.
بويلاپ شۇ تۇپراقنى دەريانىڭ سۈيى،
بويلاپ شۇ تۇپراقنى قۇيۇلار كۆلگە.

ئېخ، سەن نەقەدەر ياخشى يەرلەرسەن!
لېكىن ساناقسىز يىللار، ئەسىرلەر،
ساناقسىز باھار ئۆتتى بەرمەي نەپ!
ئۆسسىمۇ خىلمۇخىل ياۋا ئوت ـ گىيا،
ئۆسمىدى زادىلا ئاشلىق ـ زىرائەت.
تاپالمايسەن، ئاچساڭ خەرىتە،
نە بۇندا ئادەم، نە بىر يول ئىزدەپ...

تارىم،
ئەي تارىم!

ئاچتى قىزىل تۇغ، ئاچتى ئالتۇن يول،
ئاق كۆرۈنگىنى قويلار پادىسى،
قىزىلى گۈلزار، تولغان چەمەن گۈل.
يىراقتىن باقساڭ پاختا دېڭىزى
تۇرار بىپايان كۆككە يول تۇتۇپ.
يېقىنلاپ كەلسەڭ ئاياغلىرىڭغا،
شاللار دولقۇنلاپ كېلىدۇ ئۇرۇپ.

تالار كۆزلۈرۈڭ، تالار قارىساڭ!
ئۇچار تۇرخۇندىن ئىسلار پۇرقىراپ.
تۇرار ئەتراپتا سانسىز مەھەللەر،
سېمىز بېلىقلار گۈپۈلدەپ پۇراپ.
چەكسىز قاقاسلىق ئاشلىق كانىغا
ئايلاندى بۈگۈن، يېڭى تۈس ئالدى.
سۈرئىتى بەك تېز، ئۆزگەرتىش ئۈچۈن
خەرىتىلەرمۇ ئۈلگۈرمەي قالدى.

## مەجنۇنتال

—— چېگرا قورۇلۇشغا ياردەمگە چىققان بىر قىز ھەققىدە.

نە قەدەر ئوخشايدۇ مەجنۇنتالغا ئۇ،
تۇرىدۇ شامالدا مەيىن دولقۇنلاپ.

www.uyghurkitap.com

بىر باقساڭ ــ
شاللىقتا مايسا كۆچۈرۈپ،
يۈرىدۇ ئاشۇ قىز ئەترەتنى باشلاپ.
بىر باقساڭ ــ
باش بولۇپ بىلىقچىلارغا،
يۈرىدۇ ئاشۇ قىز سۇغا تور تاشلاپ.

جياڭنەندىن چېگرىغا
بەش يىل ئىلگىرى،
كەلگەندە ئاشۇ قىز پىئونېر ئىدى،
يۈرەتتى قىپقىزىل گالستۇك تاقاپ.
ھە، بۈگۈن شۇ قىزنى "سىڭسەن دۈيجاڭ" دەپ،
يۈرىدۇ يېڭى بىر نام بىلەن ئاتاپ.

نە قەدەر ئوخشايدۇ نازۇك تالغا ئۇ،
نە قەدەر زىبادۇر قامىتى-بويى،
كىشىلەر سۆزلەيدۇ:
كۆللەردە ئۆسكەن ــ
ئىنچىكە قومۇشتىن، ئىنچىكىدۇر بېلى.
ۋە لېكىن ئاشۇ قىز باشلاپ بىر دۈينى
ئالماقتا تۈمەن دەن ئاشلىق ھەر يىلى.

نۇكچاڭدا شان تاپقان ــ
ئاشۇ مەجنۇنتال!

جاۋابى شۇنداقتۇر سورىساڭ سوئال:
— قەيەردىن پۈتتۈلگەن سىزگە بۇ قۇدرەت؟
— پۈتكەندە ئوقۇشۇم بەرگەنمەن ۋەدە،
ئىشلەشكە چىگرىدا كۆرسىتىپ غەيرەت!

## ئىز

—— دەسلەپكى چارلىغۇچىلارنىڭ ئاياغ ئىزى.

تۇرىدۇ ئالتۇندەك پارقىراپ شۇ ئىز،
تۇرىدۇ دەريانىڭ بويىدا ئەنە.

دەسلەپكى قەدەمدە چۈشكەن مۇشۇ ئىز،
ئۆلگەن دەشت ـ چۆللەرگە بەرمەك ئۈچۈن جان.
تالاي ئۈمىدلەرنى بىللە ئېپ ماڭغان.
دەسلەپكى قەدەمدە چۈشكەن مۇشۇ ئىز،
بىپايان چۆللۈككە سوزۇلۇپ بارغان،
شۇنىڭدىن دېڭىزدەك ئېكىن يارالغان.

تۇرىدۇ ئالتۇندەك پارقىراپ شۇ ئىز،
تۇرىدۇ دەريانىڭ بويىدا ئەنە.

دەسلەپكى قەدەمدە چۈشكەن مۇشۇ ئىز،
ئۇ چاغلار ئۆتكەندى يورۇق نۇر چېچىپ.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

بوز ئاچقان قىسمغا كەڭرى يول ئېچىپ.
دەسلەپكى قەدەمدە چۈشكەن مۇشۇ ئىز،
ھە، بۈگۈن گوياكى ئوت بولۇپ يېنىپ،
كىرمەكتە جەڭچىنىڭ كۆڭلىگە ئېقىپ ...

# چاڭجاڭنىڭ ئائىلىسى

## 1

ئۆردەكلەر بىر توپ،
گۆدەكلەر بىر توپ.

ھويلىدا قوزىلار، چوشقا بالىسى،
تاملارغا ياماشقان پۇرچاق، كاۋىسى.

گۇرۇچلۇك ـ شاللىقتۇر ئىشىكتىن چىقساڭ،
يېنىغا قورۇلغان زاۋۇت، ئاقلىساڭ.

چوڭ قىزى ”ميەنفېڭ“دۇر①، خويمۇ ياراشقان،
ئىككىنچى ئوغلىنى ”لياڭۋاڭ“② ئاتاشقان.

---

① ميەنفېڭ ـــ پاختىدىن مول ھوسۇل.
② لياڭۋاڭ ـــ ئاشلىق باتۇرى.

تېرىشى ئاشلىق،
دېيىشى ئاشلىق.
ئەر-خوتۇن سۆزلەشكەن ئۈچ ئېغىز گەپتە
شۇ ئاشلىق دېگەن سۆز قالمايدۇ چەتتە.

## 2

تۇن كېچە، ئەر-خوتۇن ئىككىسى كاڭدا،
قوزغايدۇ پاراڭنى ئۆينىڭ ئىشىدىن.

ئويلارسەن، ئاشلىقتىن سۆز ئاچماس ئەمدى،
يۆتكەيدىغان بولدى گەپنى تېمىدىن.

ياق، ئۇلار باشلىدى ئۆز سۆھبىتىنى،
شۇ ئۇزاق نەنىۋەن — بوز يەر بېشىدىن.

باشلىغان شۇ يەردە قانداق تېرىشنى،
باشلىغان شۇ يەردە قانداق يىغىشنى...

مەنىسىز تۇرمۇش دەپ ئېيتسۇن كىم بۇنى؟
قارىغىن ئىسلىغان تامغا بىر سۇرەت.

يىگىرمە يىل بۇرۇن «شىۋاك مىي كەيخۇاك» نى①،
ئوينىغان ئىككىسى قوزغاپ مۇھەببەت.

بىرسى ئاكا بولغان، يەنە بىرسى قىز،
ھە، بۈگۈن مەيداندا بارىدۇ ئۆرلەپ،

بار ئىكەن شۇ سۈرەت، بىلمىدىم كىملەر،
ئالغاندۇ ئۇنىڭدىن بۇلاردەك لەززەت...

## ئادەت

—— ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىدىكى
بىر جەڭچى ھەققىدە.

ئون يىل ئۆتتى، لېكىن ئاشۇ بىر ئادەت
ئۆزگەرمەستىن كېلەر يەنە شۇ پېتى.
يەلكىسىدىن چۈشمەس ئەسلا كەتمىنى،
تۇرغىنىدەك بىر چاغ ئاسقان مىلتىقى.

① «شىۋاك مىي كەيخۇاك» — «ئاكا - سىڭىل بوز يەر ئاچتى» دېگەن ئوپېرا. ئۇنىڭدا بىر قىز - يىگىتنىڭ بوز يەر ئاچقانلىقى ۋە شۇ جەريانىدا بىر - بىرىگە كۆڭۈل بېرىشكەنلىكى تەسۋىرلىنىدۇ. بۇ ئوپېرا يەنئەن دەۋرلىرىدىن تارتىپ ئاجايىپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ كەلگەن.

www.uyghurkitap.com

يارىتىدۇ چارلىغۇچى ئەترەتنى،
بوز ئاچقان تۇەن سېپىدە ئەڭ باشتا ئۇ.
قاچان كۆرسەڭ ئۇستىبېشى چاڭ ـ توپا،
تەرگە پاتقان تۆت پەسىل ياز ـ قىشتا ئۇ.

ئون يىل ئۆتتى، لېكىن ئاشۇ بىر ئادەت
ئۆزگەرمەستىن كېلەر يەنە شۇ پېتى.
يىجاگشەنىنى① ئازاد قىلغان چاغ ئوخشاش،
قارا، ئۇنىڭ قايناپ تاشقان غەيرىتى.

## مۇتەللىپنىڭ شېئىرى

تۇرىمەن قىرغاقتا، ئاقسۇ دەرياسى
ئاقار ئالدىمدا.
تۇرىمەن هوسۇللۇق، چىرايلىق كۆزنى
بېسىپ باغرىمغا.

ئېقى ــ شال،
تارتىدۇ هەركىم زوقىنى.
سېرىقى ــ نەشپۈتتۇر، دىلنىڭ مەپتۇنى.

---

(١) تاغ ئىسمى. بۇ يەردە قاتتىق جەڭ بولغان.

دەرىيادەك سوزۇلۇپ ئۇزاق ـ ئۇزاققا،
نېمە ئۇ، ئۈزۈلمەي نۇر تۆكۈپ ئاققان؟
بىلەمسەن مۇتەللىپ شېئىرلىرى بۇ،
قىرغاققا سىغماستىن ئۆركەشلەپ تاشقان،
مەشەدە — شۇ توپراق ئاستىدا ياتقان.

سەنمۇ ئەي شائىر؟
ئېچىلماي ئۇن گۈلۈڭ بىرسى، ياش تۇرۇپ
توزىدىمۇ ئاخىر؟

ياق، ئەسلا ئۆلمىدىڭ، مەرتلىكىڭ بىلەن
قالدىڭ ئارىمىزدا، قالدىڭسەن ھەمدا.
شېئىرىڭ بەختىنىڭ ئۇرۇقى بولۇپ،
چېچىلدى بۇ گۈزەل ئالتۇن تۇپراققا.
ئۇلار ئۆسمەكتە،
تارىمغا ماڭغان
قوشۇنلار ئالدىدا سىگنال بوپ ياڭراق.
ئۇلار ئۆسمەكتە،
داۋان ئاشقانلار
سېپىدە بوپ ھامان كۈرەشچان بايراق.

www.uyghurkitap.com

# توغراقلىقتا

ئۆتمىگەن بۇ يەردىن قانچە جۇدۇنلار؟
ۋە لېكىن ئالتۇندەك تۇردى بۇ ئورمان.
يادىدا ـ
ھەربىر تۈپ توغراقنىڭ بۇ كۈن،
يادىدا ـ
بۇ يەردە يېقىلغان گۈلخان.

يادىدا ـ
باغلاشقا تاشقىن سۇلارنى،
تەكشۈرگەن ستۇدېنت ــ ئاشۇ گىدرولوگ.
يادىدا ـ
يامغۇر ھەم بوران ئىچىدە
بۇ يەرنى كەزگەن قىز ــ ئاشۇ گېئولوگ.

بۇ يەرگە ھاجەتسىز خاتىرە قويماق،
ئوچاققا تىزىلغان ھەر پارچە تاشلار،
چېدىرغا ئىشلەتكەن قوزۇقلار، شاخلار،
ھەرقانداق ھەيكەلدىن تۇرۇپتۇ پارلاق.

كۆرىمەن شۇنى مەن:
ئاشۇ تاشلاردىن،
ياسىلار ئالتۇن يول، ياسىلار جەزمەن.
كۆرىمەن شۇنى مەن:
ئاشۇ شاخلاردىن،
ياسىلار زور بىنا پەلەككە يەتكەن.

## "بىيىجىڭ ساتىراشخانىسى"

——چارلاش ئەترىتىنىڭ تۇرمۇشىدىن.

چېدىر تىكىلدى!
ئۆي بىساتلىرى
بولدى سەرەمجان، رەتلىك تىزىلدى.
شۇ چەكسىز چۆلدە ئۆسۈپ، قەد تۇزەپ،
قاتارغا يېڭى شەھەر قېتىلدى.
ئۇزە قاراپلا كىچىك دېمىگىن،
ئويلىما ئەسلا ئادىمى ئاز، دەپ.
توققۇزى تەلدۈر مۇشۇ شەھەرنىڭ
چېقىساق تېپىلار نېمىنى ئىزدەپ.

چېقىساق تېپىلار بۇندا ھەممىسى،
كۇلۇبىمۇ بار،
كۇتۇپخانىسى.

يىرتىلسا خېيلىڭ موزدۇز ئۆزىدىن،
تاۋىڭ بولمىسا دوختۇرخانىسى.
چېچىڭ ئۆستىمۇ؟
قىلمىغىن ۋايىم،
باردۇر بۇنىڭمۇ تەييار چارىسى.
ۋىۋىسكىغا باق،
ئىشىك ئالدىدا
يېزىلغان "بېيجىڭ ساتىراشخانىسى".

بىرلا ماشىنا،
بىر دانە قايچا،
جىڭلى، ساتىراشمۇ پەقەت بىركىشى.
ئەسۋاب جابدۇغى بولسىمۇ ئاددىي،
لېكىن، قېلىشماس قىزغىن كۈتۈشى:
چاڭئەنجېيدىكى —
نامدار "شيەنگۇڭ"دىن①؛
قىلچە نۇقسانىنى ئىزدەپ تېپىش تەس.
جىنيۈي خۇتۇڭغا —
جايلاشقان داڭلىق،
"زى لولەن"دىنمۇ② ھەرگىز كەم ئەمەس.

---

① بۇ يەردە بېيجىڭ چاڭئەن كوچىسىدىكى «شيەنگۇڭ» ناملىق ساتىراشخانا كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

② بۇ، بېيجىڭ جىنيۈي خۇتۇڭغا جايلاشقان ساتىراشخانا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

چاچ ئالدۇرامسەن:
ۋە ياكى ساقال؟
بۇدۇر قىلامسەن؟
قانداق پاسوندا!؟...
دېگىنىڭ بەرى بولىدۇ بەجا،
ياسىلار چېچىڭ ئېيتقان يوسۇندا.

قانداق تىلىكىڭ بولسا ئېيت قېنى،
ئۇستام يۈزدە-يۈز ئورۇنلار ئۇنى.
تۇزۇمى بىرلا:
"كەلسۇن خېرىدار،
ئاشماي-كېمەي مۇشۇ سائەتتىن:
ھەر ئەتىگەنلىك تاماقتىن، كېيىن
كەلسۇن، ئىلگىرى كەچكى تاماقتىن..."

دەرسەن، تۇزۇمى نېمانچە قاتتىق؟
سەۋر قىل بىرئاز
قېنى نەزەر سال:
"بېيجىڭ ساتىراشى"-
يېشىپ خالاتنى،
تارتماقتا ئەنە ئالدىغا پەشۋال.
يوقتۇر تاماكا چەككىلى پۇرسەت،
نە قەدەر مەھكەم ئۇشلار ۋاقىتنى.

بىر قولدا سەينى تۇغرار چەيدودا،
بىر قولدا تۈزەر ئەمبەل-تاختىنى.
قارا، زەڭ سىلىپ،
يىگانە ئادەم-
مۇشۇ ئىشلارنى ئىشلىگەن كىشى!
ئەسلىدە كەسپى ئاشپەزلىك ئۇنىڭ،
ساتىراشلىق بۇندا ئىككىنچى ئىشى...

## شوپۇر

يۈرىسەن ئەي شوپۇر، بوران-چاپقۇندا،
يۈرىسەن ئەي شوپۇر يامغۇر-جۇدۇندا.
جەنۇبىي شىنجاڭدا گۈللەر-چېچەكلەر
رەڭمۇرەڭ ئېچىلىپ كۆلگىنى نېكەم.
ئەمما سەن يۈرىسەن ئالتاي تېغىدا
ھېلىمۇ پۈركىنىپ قار-شۇۋىرغان بىلەن.
شىمالىي شىنجاڭدا توڭلىدى ئەتراپ.
قار ۋە مۇز يېپىلدى دەرياغا-تاغقا.
ئەمما سەن يۈرىسەن تارىم يولىدا
ھېلىمۇ مىلىنىپ سېرىق پاتقاقتا...

www.uyghurkitap.com

ئۆكتەبىر، ماشىناڭ تولغان قوزىغا
شۇ تاپ مۇز داۋاندىن ئېشىپ بارسەن.
توڭلىماي مەنزىلگە يەتسۇن دەپ ئامان،
ئۈستۈڭدىن جۇۋاڭنى يېشىپ ياپسەن.
ئىيۇلدا بارسەن يالقۇنتاغ ئارا،
تەشنالىق چاكىلداپ قىنايدۇ سېنى.
ماشىناڭ ئىچىدە بىخ سۈرگەن كۆچەت،
يەتسۇن دەپ مەنزىلگە كۆرمەستىن زەخمەت
قۇيىسەن ماتورغا ئاخىرقى سۇنى.

توشۇيسەن شاڭخەيگە تېرىنى-يۇڭنى،
توشۇيسەن گىيانى دورا ياساشقا.
شۇ يولدىن قايتىسەن تولۇپ ماشىناڭ
بېيجىڭدىن يوللانغان گېزىت-كىتابقا.
توشۇيسەن قاراماي نېفىتلىرىنى،
توشۇيسەن ئاقسۇنىڭ گۈرۈچىنى سەن.
توشۇيسەن ئوغۇللار خۇش خەۋىرىنى
ئانىنىڭ ئىلھامبەخش سۆزلىرىنى سەن.
ئۇلارنىڭ بەرىنى باغلىغان-چاتقان،
ئەي شوپۇر، بۇ يەنە سېنىڭ ماشىناڭ.

چاڭ-توپا ئايرىلماس ئۈستىبېشىڭدىن،
بويىغان ماي دېغى ئىككى قولۇڭنى.

ئۇستا دەپ ئاتالغان پېشقەدەم شوپۇر،
ئۆتكۈزۈك رول تۇتۇپ يېـرىم ئۆمرىگىنى،
ئۇستىلار، شاگىرتلار شۇڭا سىلەرگە،
ئەل قويغان قەھرىمان دىگەن ئىسىم ـ نام.
ئەسلىدە تەكتىنى سۈرۈشتۈرگەندە
سىلەرنىڭ ئىسمىڭلار لاۋلى يە لاۋۋاڭ...

## شاپتۇل قىـزاردى

قىزاردى شاپتۇل چېچىكى،
قىزاردى باغلار ئېتىكى،
قىزاردى ئورمان يولىرى،
قىزاردى بۇلاق بويىلىرى،
قىزاردى تاملار، قىزاردى تەمە،
قىز ئىشىكگە كەلدى رەڭ ئەنە...

ئۆتكەن يىل كۆكلەم ــ ئۇچىنچى ئايدا،
باغلار مۇشۇنداق قىزارغان چاغدا،
قىزىل بايراقدار يىگىت بىلەن قىز،
ۋەدىلەشكەنىدى شاپتۇللۇق باغدا.
شۇ قىزىل كۇندە ئورتىغا قويغان،
شۇ قىزىل شەرتلەر پىشىپ يەتتىمۇ؟

www.uyghurkitap.com

سوراپ بېقىڭلار، قىزدىن، خالايىق
ياتلىق بولىدىغان ۋاقىت كەلدىمۇ؟
كەلدى كۈتكەن كۈن، قىزاردى شاپتۇل،
قىز ئۇزاتقىلى بار قىزىل دۇلدۇل.

قىزاردى شاپتۇل چېچىكى،
قىزاردى باغلار ئېتىكى،
قىزاردى دېرىزە ئالدىدا تاللار،
قىزاردى ئۈزۈملەر، نوتىلار، شاخلار،
قىزاردى ئۈستەل، ئەينەك قىزاردى،
قىزنىڭ يۈزىمۇ قىزىل رەڭ ئالدى.

قىزىلگۈل قىستى قىزنىڭ يەڭگىسى،
قىزىل كىگىزنى باستى ئانىسى،
قىزىلدۇر قىزنىڭ باشتىن ـ تاپىنى،
قىزىلدۇر كىيگەن كۆڭلەك ـ چاپىنى،
دېرىزىدىن كىرەر بىر ئاۋاز:
"چاققان ياسانغىن،
جابدۇنغىن تېز بول،
مەھەللە سىرتىدا كۈتمەكتە ئاتلار،
قىزىرىپ بولدى چەكسىز ئۇزاق يول..."

# قوغۇن بازىرى

—— قەشقەر كوچىلىرى.

بازارىمىكىن دېمىگىن بۇنى،
قوغۇنلۇقنىڭ ئۆزىدۇر بىلسەڭ.
ئۇزاقلاردىن تۇرار دېگىنىزدەك،
خۇددى بىر تاغ يېقىندىن كۆرسەڭ.

توسۇپ قويغان ئۆتەر يوللارنى،
بوي سوزۇشقان ئاسمانغا قاراپ.
خالىغاننى ئال ئۆزەڭ تاللاپ،
خالىغاننى ئال ئۆزەڭ خىللاپ.

چوڭلىرىنى كۆتۈرمەك ئۈچۈن،
ئىككى ئادەم ئاران تەڭ كېلەر.
كىچىكىنى كۆتۈرمەك ئۈچۈن،
كۈچۈڭ خېلى تەسلىكتە يېتەر.

شۇنچە شېرىن شەربەتى بالدەك،
جان ياشىرار يېسەڭ بىر تىلىم.
ئۈچ كۈنگىچە كەتمەس پۇرىقى،
شۇ كوچىدىن ئۆتسەڭ بىر قېتىم.

گۈپۈلدەيدۇ، ئەتراپىڭغا باق
ئەجەب خۇش بۇي، ئاتلىق بىر پۇراق...

ئۇيغۇر كىتاب تورپېتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

## ناخشا ـ ئۇسسۇل يۇرتى

كەچ بولۇپ يانسا چىراغ قايتار كىشىلەر ئۆيگە،
ئاي نۇرىنىڭ ئاستىدا ياڭرايدۇ پىپانىڭ ئۈنى.
ـــ چىڭ دەۋرىدىكى جى جۈندىن.

ئولتۇرغان چېغىدا غەربىي تاغقا كۈن،
ئاي نۇرى تال ئۇچى ـــ شاختا ئوينايدۇ.

كەلمەكتە قاياقتىن داپ ـ ساز ساداسى؟
باغ ئارا ناخشا ھەم ئۇسسۇل قاينايدۇ.

ئۈستىدە چىرايلىق ئۈزۈم بارىكى،
ئاياغدا قىپقىزىل گىلەم چاقنايدۇ.

دادىسى راۋاپتا، قىزى ئۇسسۇلدا،
ئانىسى داپ چېلىپ ئەسلا قانمايدۇ.

ساز ياڭراق، ئۇچقاندەك ئۇسسۇل ئوينار قىز،
گوياكى كېپىنەك ھەر يان بويلايدۇ.

كۆرگەنلەر ئويۇننى، بۇ ئائىلىنى
يېڭىلىپ ھەممىسى ئارتىس ئويلايدۇ.

ئەسلىدە دادىسى باقار كالا ـ قوي،
مېۋىلەر ئۆستۈرگەن ئاشۇ قىز باغۋەن.

ئۇيغۇرلار ئىچىدە مۇنداق ئائىلە
شۇنچە كۆپ، تۈگىمەس سانىغان بىلەن.

ئەمدىلا تەمتىلەپ ماڭغان باللار،
ئۇسسۇلغا دەسسەشنى ئۆگىنەر زوقمەن.

شۇ كىچىك قوللارنى — نان تۇتالىغان،
راۋاپنى تۇتۇشنى بىلمەيدۇ دەمسەن!

# كەچ كۇرسى

يۇلتۇزلار كۈمۈش نۇر چاچار چوققىدا،
تۇرار يېڭى ئۆينى يورۇتۇپ گۈلخان.
تاغ ـ دالا ئۇيقۇدا،
كىملەر ئۇ ئاندا
ساز چېلىپ، جور بولۇپ ناخشا ـ ئەن ئېيتقان؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

ساز ئەمەس، يە ناخشا،
بۇندا ئادەملەر
دېرىزە ئالدىدا ئوقۇشار كىتاب.
ئۇلارنىڭ ئاۋازى ئاقار گوياكى
تاغدىكى شۇ گۈزەل بۇلاققا ئوخشاپ.

ئەي، ئۆتكۈنچى دوستۇم!
ئەسلەمسەن شۇنى،
بۇ تاغلىق مەھەللىنىڭ ئەسىرلەر بويى
خەت بىلمەي ساۋاتسىز ياشىغىنىنى؟
بوۋىدىن-ئاتىغا نەچچە ئەۋلادنىڭ
ھېسابىنى تاش بىلەن سانىغىنىنى؟
ھەتتا، پومپىشچىككە تۆككەن غەللىنى
شۇ تاشتا خاتىرلەپ، يادلىغىنىنى؟...

## دەسلەپكى مۇھەببەت

قىز سۇغا كەلگەندە
بۇلاق بېشىغا،
يىگىتمۇ ئېتىنى كېلىدۇ يېتىلەپ.
قىزنىقى، ئۇچرىشىش چېغىنى بۇلار
قويمىغان ھېچقاچان ئالدىن بەلگىلەپ.

ھەر كۈنى ئۇچرىشار، تۇرقىمۇ بىر خىل،
بىرسى چاچلىرىنى تۇرىدۇ ئويناپ،
بىرسى يەكتىكىنى سىلاپ، غىجىملاپ.
بىرسى بولاققا،
بىرسى ئاسمانغا قاراپ.

ھەر كۈنى ئۇچرىشار، سۆزىمۇ بىر خىل:
بىرسى ماختايدۇ مۇچاڭ مىلىنى.
بىرسى ماختايدۇ ئۆزى ياراتقان
شۇ گۈزەل ئالمىلىق گۇگشىي بېغىنى.

ئارىدا سۆزلەنمەس سۆيگۈ سۆزلىرى،
ھېچقايسى بۇ ھەقتە گەپ ئاچماس لېكىن:
شۇ ئىككى ساپ يۈرەك
سورار ئۆزىدىن،
"دەسلەپكى مۇھەببەت دېگەن شۇمىكىن؟"

## سۆرەت ۋە ئىز

——قەد كۆتەرگەن بىر دېھقان ھەققىدە.

يېڭى ئۆمرىنىڭ جانلىق گۇۋاھى:
تامغا ئېسىقلىق
شۇ ئىككى سۈرەت.

www.uyghurkitap.com

ئەللىك يەتتىدە
ئۆيلىنىپ ئاران،
ئەللىك سەككىزدە
كۆردى بىر پەرزەنت.

يەلكىسىدە بار داغلانغان بىر ئىز،
سۆزلەر ئۆتمۈشنى
ھېكايە قىلىپ:
تۇغۇلغاندى ئۇ
يالاڭ، داق يەردە،
ئۆسكەن، چوڭ بولغان
ئېغىلدا يېتىپ.

## گىلەم

ئاسمان —
قانچە بۇلۇتنى باسسا كۆكسىگە،
خوتەن —
شۇنچە گىلەمنى يايغان ئۈستىگە.

يەردە —
بولسا قانچە قۇشلار، گۈل-چېچەك،

گىلەمدە —
ئاشۇلاردىن بار گۈزەل ئۆرنەك.

گىلەمدە توقۇلغان ئاتلارنىڭ يايلى،
كۈمۈشتەك پارقىراپ تۇرىدۇ تال-تال.
گىلەمگە توقۇلغان ئۈزۈمنى كۆرسەڭ،
ئاغزىڭغا سىرىق سۇ كېلىدۇ دەرھال.

خوتەننىڭ گىلىمى پايتەخت بېيجىڭغا
بارىدۇ چېگرىنىڭ مېھرىنى ئېلىپ.
خوتەننىڭ گىلىمى ئۇچار دۇنياغا،
ۋەتەن باھارىنى تەنتەنە قىلىپ.

مۇبادا سورىغىلىق كەلسە بىراۋدىن،
خوتەندە قانچە دەپ گىلەم ئىشچىسى؟
ياخشىسى شۇ سوئال ئۆزەڭدە قالسۇن،
ئاڭلىسا ھەركىمنىڭ كېلەر كۈلكىسى.

گىلەم توقۇشنى بىلمىگەن ئادەم،
سانالماس بۇ يەردە ئەسلا خوتەنلىك.
قارىساڭ ئۇچ ياشلىق سەبى بالىمۇ،
دەستىگاھ ئالدىدا ئىشلەيدۇ ئەپلىك.

www.uyghurkitap.com

# خوتەن مەنزىرىسى

خوتەن يىپەك، قاشتېشى، گىلەم، گۈل - مېۋە،
ناخشا - ئۇسسۇل يۇرتىدۇر.

— خاتىرە دەپتىرىمدىن.

روجەك ئالدى ئالمىلىق، كەينى شاپتۇللۇق،
قولۇڭ سالساڭ دەرياغا چىقار قاشتېشى.
سۇمبۇل چاچتەك يەلپۈنەر ئۈجمىلەر شېخى،
ئېتىز ئارا داپ چالسا، يولنى شاۋقۇنلۇق -
ئۇسسۇل قاپلار، ئۇچىدۇ رەڭگارەڭ كۆڭلەك،
چايقىلىدۇ دەريادا گۈزەل گۈل - چېچەك...

مەرھابا دەر ناخشىلار ئاتقان ھەر تاڭغا،
نەي كۈيىدە ئۇزايدۇ ھەر كۈن ئاخشىمى.
شاخلار ئۇچى قىرىرار تۈندە چىراغدا،
ئۆتۈپ كەتكەن روجەكتىن كىمنىڭ سايىسى؟
كىم دەر قىزلار ماڭغاندۇ توقۇشقا گىلەم؟
توقۇلماقتا ئۇلاردىن خوتەن ۋادىسى...

# داستانلار

## ئۈزۈلگەن زەنجىر

قازاق چارۋىچى يايلاقتا چارۋىدارلار چارۋىچىلارغا
ئىشكەل قىلغان بىر زەنجىرنى ئۇچراتتى...

### I

بىر تال
ئۈزۈلگەن زەنجىر،
ئۆلگەن يىلاندەك
ياتىدۇ تولغىنىپ، ياتىدۇ يەردە.
بىر تال
ئۈزۈلگەن زەنجىر،
جىمجىت يايلاقنى
ئۆتتى قوزغىتىپ، ئۆتتى شۇ دەمدە...

ئۇ، شۇنداق چىقتى!
گويا
تىنىق ئاسماندىن،
تۇيۇقسىز

www.uyghurkitap.com

ئېغىر بىر قوغۇشۇن ـ
چۈشكەندەك بولدى!
ئۇ، شۇنداق چېقتى!
گويا
خۇشال يايلاق،
تۇيۇقسىز
ئۆزگىرىپ بىردىن ـ
قايغۇ ـ ھەسرەتكە چۆككەندەك بولدى!

كۆل بويىدىكى
ئەنچى بوۋاينىڭ
تىندى دومبىرىسى، ئۈزۈلدى كۈيى.
ئوتاۋ ئالدىدا
ئۇسسۇلچى قىزلار ـ
توختىدى، جىم قالدى، ئەندىككەن بويى.
چەۋانداز يىگىت،
ياشانغان ئوۋچى،
كەلدى ھەممىسى!
تىكىلدى نەپرەتتە
بۇ ـ تۆمۈر زەنجىر زۇلۇم بەلگىسى!
باقاندەك بولدى
پۈتمەس غەزەپتە،

ئالدىدا تۇرغاندەك -
باينىڭ ئوردىسى...

## II

زەنجىر، ئەي زەنجىر!
ساڭا باقتىم،
سەندە كۆردۈم -
تۈنۈگۈنكى يايلاقنى هازىر...
سەندە قالغان
داغلارنى كۆردۈم،
بۇ —
قىش شۇىرغىنىنىڭ ئەمەستۇر ئىزى
بۇ —
ياز يامغۇرىنىڭ ئەمەستۇر دېغى!
بۇ داغ -
يوقسۇللارنىڭ ئاچچىق كۆز يېشى،
ئاشۇ چاغدا -
ئېغىر چىلىق، ئەلەمدە تامغان.
بۇ داغ -
قەترە - قەترە
تېمىپ، يېغىلىپ،
ئۇيۇپ قالغان

www.uyghurkitap.com

رەڭدار -
قىزىل قان...

ئاشۇ قاندىن -
ئۆتكەن چاغلار
مۇشۇ يايلاقلار،
سۇغىرىلغان -
چەكسىز ئوتلاقلار!
ئاشۇ قاندىن
ئۇ كۈنلەرنىڭ
شەكلى يارالغان!
چارۋىدارلار
يىغقان ماللاردىن،
قانچە دېڭىز - تاغلار ياسالغان!
تۆكۈلگەچكە -
ئەنە شۇنداق قان،
بايلارنىڭ
ئۈزەڭگىسى كۈمۈشتىن،
ئېگىرى ئالتۇندىن بولغان...

كۆرمەكتىمەن سەندە شۇنىمۇ،
ماۋۇ قويچىنىڭ
چارۋىدار سۇندۇرغان ئىككى پۇتىنى!

چۈنكى ئۇ،
بېرىش ئۈچۈن قالغان ئامالسىز،
بىر ئۆمۈر تۆلىسە تۈگىمەيدىغان -
سېلىقى، بېجىنى، قەرز پۇلىنى.
كۆرمەكتىمەن سەندە شۇنىمۇ،
چارۋىدا ئېتىپ ئۆلتۈرگەن -
ماۋۇ چۇپانىنىڭ ئۆز خوتۇنىنى!
چۈنكى ئۇ،
خارلاشقا ئىمكان بەرمىگەن -
ئاسرىغان ئائىلىق نومۇس - ئارىنى،
ئاسرىغان ئىززىتىنى، ئۆز ھوقۇقىنى...

يايلاق، ئەي يايلاق!
قىزىل قاندا يۇيۇلغان تۇپراق!
نە قەدەر ئازابلىق ئىدى ئۇ كۈنلەر.
نە سەندە ئاڭلانغان ساداسى سازىنىڭ،
نە سەندە ياڭرىغان ناخشىلار - كۈيلەر!
پەقەت -
كونىرىغان كىگىز ئۆيلەرنى
بوران ھەم شۇۋىرغانلار -
سىلكىپ ئۆتەتتى!
ھەسرەتلىك كۈنلەردە
كۆز جۇدۇنلىرى،

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

غۇڭۇلداپ ـ
ئەنسىزلىك سىلىپ ئۆتەتتى...

### III

زەنجىر، ئەي زەنجىر!
ساڭا باقتىم،
سەندە كۆردۈم،
تۈنۈگۈنكى شىنجاڭنى ھازىر!
ساڭا قارايمەن،
ئۇزۇنلۇقۇڭ قانچىلىك زادى!
قارايمەنۇ، شۇنى ئويلايمەن:
باغلاۋالغان ـ
مۇشۇ زەنجىرمۇ،
يايلاقتىكى مىڭلاپ ئوتاۋنى؟
قارايمەنۇ، شۇنى ئويلايمەن:
باغلاۋالغان ـ
مۇشۇ زەنجىرمۇ،
نەچچە يۈز يول
يېشىل ئوتلاقنى؟

باق!
ياق!

بۇ زەنجىرنىڭ ئۇزۇنلۇقىنى
مۇمكىنمىدۇ ھېسابلاپ چىقماق؟
مۇشۇ زەنجىر —
ئەمەسمۇ ئاخىر،
بۇرچىندىن تا،
كوئىنلۇنغىچە —
نەچچە مىليون شىنجاڭ خەلقىنىڭ
پۇت — قولىغا چۈشكەن سىرتماق!
شۇ زەنجىردە باغلانغان ئىدى،
تىيانشاننىڭ ئوك ھەم سول يېقى!
باش ئۇچىغا كۆز يەتمەيدىغان
تۈمەن يوللۇق دەريا ھەم تېغى!
شۇ زەنجىردە باغلىغانىدى:
خوتەندىكى باي پومېشچىكلار
يىپەك بىلەن ئۈجمىزارلىقنى.
شۇ زەنجىردە باغلىغانىدى:
تۇرپاندىكى باي، پومېشچىكلار
كارىز بىلەن ئۈزۈمزارلىقنى.
شۇ زەنجىردە باغلىغانىدى:
ئۈرۈمچىنىڭ ياڭخاڭ كوچىسى
شىنجاڭدىكى تېرىنى — يۇڭنى...
شۇ زەنجىردە باغلىغانىدى:

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

شىلىڭ شىسەينىڭ "ئالتە قىر ئۆيى"
ئىنقىلابىي يالقۇنىنى، ئوتنى...

قانداق ئېغىر كۈنلەر ئىدى ئۇ!
قارا،
مۇز ھەم قاردەك ئاقارغان-
ئۇزۇن يوللار ھەربىر ئۆتكى!
ياق!
قار ئەمەس بۇ، ياكى مۇز ئەمەس،
بۇ —
قاچقۇنلار، سەرگەردانلارنىڭ
جەسەتلىرى — ئاپئاق سۆڭەكى!
ئاڭلا، قېنى، ئاڭلا زەڭ سېلىپ،
بازاردىكى ۋاڭ-چۇڭنى بېسىپ،
كىمدۇ ئاندا توۋلاپ، ئىڭرايدۇ!
ياق!
توۋلاش ئەمەس، ئىڭراش ئەمەس بۇ،
بالىسىنى ساتماقچى بولغان
ئاۋۇ ئايال ئۆكسۈپ يىغلايدۇ...

مۇڭلۇق شىنجاڭ، ئەي مىسكىن شىنجاڭ-
ئۇ، كىشەنلىك دەۋردە سەندە-
نەدە دەيسەن مۇنداق مەنزىرە:

هويلا ئارا ئاقان سۈزۈك سۇ،
مەھەللە ئارا ئاق تېرەك ئورمان؟
نەدە دەيسەن ئالتۇن ئېتىزلار،
نەدە دەيسەن يېشىل باغ-بوستان؟
ئۇ چاغلاردا ئالتايمۇ قېرىپ،
ئۆزۈن چېچى ئاقارغان ئاپئاق!
تا، ئاخىرقى دەمگىچە ئۇنى
قايغۇ-ئەلەم باسقان قاتمۇقات!
ئۇ چاغلاردا قۇزۇپ يۈرۈگكاش،
قاشتېشىمۇ چاقنىماي قالغان!
قاغجىرىغان كۆرۈمسىز دەريا
رەڭگى ئۆڭۈپ، خۇنۇك تۇس ئالغان...

## IV

زەنجىر، ئەي زەنجىر!
ساڭا باقتىم،
سەندە كۆردۈم،
غەلىبىنىڭ مۇشكۇللۇكىنى.
ئۈزۈلۈپتۇ
قارا-
شۇ زەنجىر،
ئۇنى چاققان تۆمۈر بازغانمۇ؟

ياكى چىشمۇ غاجىلاپ ئۇزگەن؟
ئۇزۇش ئۇچۇن
مۇنداق كىشەننى
بىز بىلىمىز ـ
سانسىز قەھرىمان
جاننى تىكىپ، ئىسسىق قان تۆككەن!
يارىتىشقا ـ
يېڭى شىنجاڭنى،
بىز بىلىمىز ـ
سانسىز قەھرىمان
مۇشەققەتلىك يوللارنى بېسىپ،
قانچە ئېغىر ئەسىرلەر ئۆتكەن...

ئاسمان گويا كى
سىياھتەك قارا،
ماڭماق زور ئازاپ
شۇ يوللار ئارا.
ئەنە شۇنداق ئېغىر چاغلاردا؛
كۇچار باغۇىنى،
ئېلىپ كەتمەننى،
بەگ ئوردىسىنى بۇزماقچى بولغان.
ئەزىز كۇچارنى
ئىسمىغا لايىق ـ



ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئۇسسۇل ـ كۈي يۇرتى قىلماقچى بولغان.
ئەنە شۇنداق ئېغىر چاغلاردا:
ئىلى قويچىسى ـ
باي ئوتاۋىنى،
ئۆرتىمەك ئۈچۈن ئوت ياقماق بولغان.
قازاق خەلقىنى
چىن ئاققۇ قىلىپ ـ
بەخت بېغىدا ئۇچارماق بولغان.

دەل ئەنە شۇنداق چاغدا:
ئەخمەتجان
ئاباسوۋ ئوخشاش سانسىز قەھرىمان
قىلىچ ـ مىلتىقنى كۆتۈرۈپ چىققان.
قۇتۇلسۇن مەڭگۈ ـ
مۇشۇ زەنجىردىن،
بولسۇن ھۆر ـ ئازاد دېگەن تىيانشان.
دەل ئەنە شۇنداق چاغدا:
چىن تيەنچۇ ـ
ماۋ زېمىن بىلەن لىن جىلۇ ئوخشاش
ئىنقىلابچىلار بولغانىدى قۇربان.
ئولتۇرۇپ ئۇلار زەي تۈرمىلەردە
شىخەنزىنىمۇ پىلانلاپ چىققان.
شۇلار بىز ئۈچۈن تۈزمىسە پىلان
سىرلىق تارىمنى ئاچماق نەدىدى؟

ئېگىز تىيانشان مۇز داۋىنىدىن
ياساپ تاشيوللار، ئاشماق نەدىدى؟

ئەي، باتۇر قۇربانلار،
تاڭ ئەلچىلىرى!
ياشايدۇ روھىڭلار، ياشايدۇ ئەبەد.
ئىسسىق قېنىڭلارنى تۆككەچكە سىلەر،
يەكەننىڭ ئانىرى،
قۇمۇل قوغۇنى،
بەرمەكتە مول ھوسۇل، ئۆسمەكتە گۈللەپ،
تېتىدۇق ھەممىمىز، تېتىدۇق ئۇنى!
ئەي، باتۇر قۇربانلار،
تاڭ ئەلچىلىرى!
ياشايدۇ روھىڭلار، ياشايدۇ ھەر چاغ.
ئەزىز جېنىڭلارنى بەرگەچكە سىلەر،
"خەلق مەيدانى"دا كۈلمەكتە چاقناپ —
ئوتلۇق دەرەخلەردە كۈمۈش رەڭ چىراق.
قۇربان ھېيت بايرىمى — ئاخشاملىرىنى
تۇرۇپتۇ يورۇتۇپ، تۇرۇپتۇ پارلاق...

V

بىر تال
ئۈزۈلگەن زەنجىر،



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۆلگەن يىلاندەك
ياتىدۇ تولغىنىپ، ياتىدۇ يەردە.
بىر تال
ئۈزۈلگەن زەنجىر،
جىمجىت يايلاقنى
ئۆتتى قوزغىتىپ، ئۆتتى شۇ دەمدە...

كىم ئۇ،
ئۇنتۇسۇن دېگەن كىلەچەك ئەۋلاد
ئۇنتۇلسۇن دېگەن زۇلۇم بەلگىسى
ياسايلى بۇنىڭدىن دېگەن كىم سايمان؟
ياق!
تۇرسۇن، ساقلانسۇن،
قەلبىمىزدە ئۇ،
ساقلانسۇن مۇزېيدا،
ساقلانسۇن ھامان.

ئۇ، بىزگە كېرەك!
ئۇ، بىزگە كېرەك!
تۇرسۇن ھەر زامان ئالدىمىزدا ئۇ.
ئاشۇ دەھشەتلىك —
ئېغىر تارىخنىڭ
ئانچە كۆپ ئۇزاپ كەتمىگىنىنى

www.uyghurkitap.com

سىنى تۇرسۇن دائىم يادىمىزغا ئۇ،
كۆرسۇن كەلگۈسى ئەۋلاد ئۇنىڭدىن
كۆرسۇن —
ماناستا ئاشۇ ئۇستەڭنىڭ،
نەلەردىن ئېقىپ كەلگەنلىكىنى.
كۆرسۇن ئۇنىڭدىن،
ئۆگەنسۇن شۇنى:
ھەربىر تال گىيا،
ھەربىر تال گۈلنى
ئاسراش نە قەدەر ئەۋزەللىكىنى...

## سىز بۈيۈك تەيخاڭشەن تېغىدەك

—— قوماندان پېڭ دېخۇەيگە بېغىشلايمەن.

### 1

ھاياتىڭىزدا،
كىمىكى سىزنى سۈرەتكە تارتسا.
كەلدىڭىز بۇ ئىشنى زادى ياقتۇرماي.
بولدىڭىز ۋاپات،
كەتتىڭىز يىراق ـ
بىزگە بىر ئىلىك خەتمۇ قالدۇرماي،

ياشىدىڭىز باشقىلار ئۈچۈن:
ئاشۇ بىر جۈپ –
ئەمگەكچىگە خاس يىرىك قولىڭىز
يارالغان گويا،
جەڭچىلەرنىڭ جاراھىتىنى
مېھىر بىلەن سىلاپ تېڭىشقا.
كونا دۇنيانى ئاغدۇرۇش ئۈچۈن
زەمبىرەك، مىلتىقنى ئىشقا سېلىشقا.
ئاشۇ بىر جۈپ –
ئەپكەش كۆتۈرۈپ پىشقان يەلكىڭىز
يارالغان گويا،
ئانا ۋەتەننىڭ غەم – قايغۇسىنى،
خەلقنىڭ ئەندىشە – ۋەھىمىسىنى
ئۆزىنىڭ ئۈستىگە دادىل ئېلىشقا.
سىز ۋاپات بولدىڭىز باشقىلار ئۈچۈن،
مەڭگەم چىشلىدىڭىز چىشلىرىڭىزنى،
نالە ۋە پەريادتىن يوق قىلچە ئەسەر؛
سىز ئاشۇ قاراڭغۇ – زۇلمەت ئىچىدە،
تارتتىڭىز بەك ئېغىر ئازاب شۇ قەدەر!
تاۋلىنىپ دەرد – ئەلەم كۆلپەت ئىچىدە
قالدۇرۇپ كەتتىڭىز كېيىنكىلەرگە،
ھەيۋەتلىك جىسمىڭىز – ۋۇجۇدىڭىزدىن
يارىتىپ ئىنتايىن ئۆتكۈر بىر شەمشەر!

ئۇيغۇر كىتاب تورىدىكى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

پېك دېخۇەي، ھەقىقىي جەڭچى ئىدىڭىز.
كەلدىڭىز ئۆمرىڭىز ــ ھاياتىڭىزدا
كۆزدىن ياش تۆكۈشنى زادى ياقتۇرماي.
ئەپسۇسكى سىز بۈگۈن
كەچۈرۈڭ مېنى،
قالدىم مەن ئۆزەمنى ئەسلا تۇتالماي،
چۈنكى، تاقىتىم يەتمىدى شۇ تاپ،
ئۆتكەننى ئەسلەشكە قايتا يېڭىشلاپ.
ئەڭ ئاداققى كۆز نۇرىڭىزدا
قانلىق تۈرمىنىڭ روجەكلىرىگە
قانداقلارچە باققىنىڭىزنى؛
جاللاتلارنىڭ شۇم كۈلكىسىگە،
قانداقچە قۇلاق سالغىنىڭىزنى!
راستىنلا تاقىتىم يەتمىدى شۇ تاپ،
بۇلارنى كۆرگىلى قايتا يېڭىشلاپ.
تەر قاتقان مەھبۇسلۇق كىيىمىڭىزنى،
لۇشەنگۇەندىكى جەڭدە ئوق تېگىپ
ياردار بولۇپ قالغىنىڭىزنى.
ئاخىرى مانا بۇ بېيجىڭ شەھرىدە
تۈرمىدە ــ زىنداندا ياتقىنىڭىزنى!

قوماندان پېك دېخۇەي، يىغلايمىز سىزگە،
بۇ يىغا ماتەمنىڭ قايغۇسى ئەمەس،

روھى ئاجىزلىقنىڭ بەلگىسى ئەمەس،
سىزگە ئەگىشىپ جەڭلەردە يۈرگەن
پېشقەدەم خوڭجۈنلەر،
كىچىك بالىلار؛
سىز ئۇچۇن ئۆلگۈدەك قامچا - مۇشت يېگەن
مانا بۇ دادۇينىڭ سېكرېتارلىرى،
يېزىلىق ياشانغان بوۋايلار-
بۇلار
بەرمەكچى ئەمەستۇر كۆز يېشى بىلەن
ئۆزىنىڭ دەردىگە
تەسەللى — ئارام!
كۆز يېشى ئەمەستۇر ئەسلا ئۇلارنىڭ
كۆز چاناقلىرىدا لىپمۇلىپ تۇرغان.
بۇ-
كۆككە ئۆرلىگەن غەزەپلىك دولقۇن،
بۇ گويا گۈلدۈرلەپ چېقىلغان چاقماق،
بۇ گويا ھەيۋەتلىك توققۇز بال بوران!

## 2

قەلبىمىزدە يۈرىكىمىزدە
ئەزەلدىن نامىڭىز ئۆچمەي كەلمەكتە،
مانا سىز كەتتىڭىز چامداپ مەردانە
ئەينى يىللاردا

ئاشۇ يامغۇرلۇق چاپاننى كىيىپ،
چىش چوتكىڭىزنى بىرلىكتە ئېلىپ،
ئالدىراش ماڭغاندەك
ئۈچىنچى سەپكە.
مانا سىز كەتتىڭىز چامداپ مەردانە،
ئەينى يىللاردا
ساقال ئېلىشقا ئۈلگۈرمەي تۇرۇپ.
بىرنەچچە خەت ـ چەكنى يېزىپ پۈتتۈرۈپ،
بېيجىڭ ـ شېنياڭ پويىزىدا،
ماڭغاندەك ئەنە،
يالۇجياڭدىن ئۆتۈپ،
شەرق تەرەپكە.

"ئالغا!"

بۇ سىزگە ئىنتايىن تونۇش بىر سادا،
ئۆتتى پۈتكۈل ھايات ـ ئۆمرىڭىز
جىددىي ھەربىي يۈرۈشلەر ئارا!
باردىڭىز داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەپ
بىر ئاكوپتىن
يەنە بىر ئاكوپقا،
چېپىپ شىددەتلىك جەڭ تۇلپاردا،
يېرىم ئەسىرلىك ھاياتىڭىزنىڭ
خاتىرىسىنى يازدىڭىز مانا

كۆرەشلەر قوينىدا،
جەڭدە — ئۇرۇشتا!

هەربىر ئىزىڭىز،
قالدى پۈتۈنلەي-
كۆرەشنىڭ ئالدىنقى قاراۋۇلىدا؛
قالدى كىچىك ماتۇ جايلاشقان
شياڭجياڭ دەرياسىنىڭ قىرغاق-بويىدا،
قالدى ئاشۇ سېرىق توپىلىق
ئېگىزلىكلەرنىڭ قەدىم يولىدا.
قالدى بۇ ئىز تار چىغىر يوللۇق
تەيخاڭشەن تېغىنىڭ جىرا-غارىدا.
قالدى لۇشەن چوققىلىرىنىڭ
بۇلۇتلار سۆيگەن قارىغايزارىدا.

قاپقارا تۈتەكنى، ئوتنى-يالقۇننى،
ئەڭ مۈشكۈل خەتەرنى، ۋەھشىي دولقۇننى،
چىقتىڭىز ھەرقاچان مەرتلەرچە يېڭىپ!
پرولېتارىيات ھاكىمىيىتىنى
تىكلەش يولىدا قىلدىڭىز كۆرەش
ئوت دېڭىزلىرىنى قورقماستىن كېچىپ.
ئېخ، ئۇلۇغ جەڭچى!
پرولېتارىيات ئىشلىرى ئۈچۈن
مەنسەپىڭىزنىڭ ئېلىنىشىدىن،

www.uyghurkitap.com

ئۈيىڭىزنىڭ بۇزۇلۇشىدىن،
بېشىڭىزنىڭ كېسىلىشىدىن،
تۈرمىلەرگە سېلىنىشلىرىدىن
قورقماستىن، قورقۇشنى تامام تەرك ئېتىپ،
ماڭدىڭىز بۇ يولدا جان پىدا قىلىپ.

پەسەنت قىلماستىن پىتنە-غەيۋەتكە،
تاقابىل تۇردىڭىز تىل-ھاقارەتكە،
ئېخ، بىزنىڭ گېنېرال يولداش پېڭ دېخۇەي،
سىز ئوخشاپ ھەقىقىي باتۇر بۈركۈتكە
بولدىڭىز پاسىۋان ھەق-ئادالەتكە،
ئاشۇ زەخمىلەنگەن قانىتىڭىزدا
بەردىڭىز زەربە،
شۇم قاباھەتكە.
ئۇلۇغۋار جىسمىڭىز — قامىتىڭىزدىن
تىكلەپ چىقتىڭىز،
كوممۇنىستلار ئۈچۈن
ئۈلگە ئەبەدكە!

### 3

گېنېرال پېڭ دېخۇەي چېۋەر قوماندان،
سىزگە ئۆلۈم يات،

سىز مەڭگۈ ھايات،
بىزنىڭ ئارىمىزدا ياشايسىز ھامان.
سىز مەڭگۈ ھايات دېگەن بۇ سۆزدە
يوق مۇبالىغە،
قۇرۇق شوئاردىن بۇندا يوق نىشان.
سىز-
دېھقانچىلىقنى بىلىسىز ئوبدان.
ئېكىن يەرنىڭ مۇھىملىقى
سىزگە خوپ ئايان.
خەلقنىڭ قەلبى
ئوخشايدۇ ئۇنۇملۇك ئېسىل تۇپراققا،
ئۇ يەردە-
يىلتىز تارتىپ دەرەخلەر، گۈللەر،
ئۆسىدۇ مەڭگۈ،
بولۇپ باراقسان!
قېنى كىم ئېيتىدۇ مۇنداق ئەمەس دەپ؟!
مانا بۇ يېڭى ئۇزۇن سەپەردە،
سىز باشچى بولۇپ چارلاش دۈيىگە
كېتىۋاتىسىز ئالغا يېتەكلەپ.
بىزنىڭ بۇ ئۇلۇغۋار قوشۇنىمىزغا
تاپقىلى يېڭى بىر داغـدام يول ئىزدەپ،
قېنى كىم ئېيتىدۇ مۇنداق ئەمەس دەپ؟!

ۋەتەننىڭ پايانسىز چېگراسى بويلاپ،
يۈرسىز تەر تۆكۈپ كېچە ـ كۈندۈزلەپ.
بۇ يەردە قۇرۇلغان ھەر ئىستىھكامنى
تەكشۈرۈپ كۆرسىز راسا ئىنچىكىلەپ.
ئۈچ يۈز گرادۇسلۇق كۆزەينەك بىلەن
ئوقۇيسىز دىجورنى خاتىرىسىنى
قالمايدۇ نەزەردىن بۇندا ھېچبىر گەپ.
ھەر دانە مىلتىققا، توپ ـ زەمبىرەككە
سىنچىلاپ قارايسىز تازا بىر ـ بىرلەپ!

سىزدە زور مۇھەببەت ھەربىر جەڭچىگە،
تۇنەپ چىقتىڭىز جەڭچىلەر بىلەن،
كېچىسى بىر باغلام چۆپنىڭ ئۈستىدە.
زامانىۋىلاشقان قوشۇن قۇرۇشتا
بەردىڭىز يەنە بىر ئەجەللىك زەربە،
ئالدامچىلارنىڭ سەپسەتىسىگە،
يول قويمىدىڭىز ئەسلا،
ئۇلارنىڭ ـ
ئاشۇ "زەربىدار يولۋاس لىيەنى"نى
"ھۆرراچى ئەترەت"كە ئۆزگەرتىشىگە
يول قويمىدىڭىز ئەسلا،
ئۇلارنىڭ ـ
رەڭدار پلاكات ــ لوزۇنكىلارنى
تانكىلار ئورنىغا دەسسىتىشىگە!



ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

سىزدە بار خەلققە چوڭقۇر مۇھەببەت:
خۇاڭيۇەنتۇڭدىكى تاۋابىئاتلار
پېشقەدەم خۇڭ-جۇننى — پېك دېخۇەي سىزنى،
سېغىنىپ ئەسلەيدۇ ئۇنتۇماي پەقەت.
خامانىنى تېپىشتە، ئورما ئورۇشتا،
گەملەر قۇرۇشتا ھەم سۇ توشۇشتا
سىز قىلغان ئۇلارغا سەممىي خىزمەت؛
مۇرىكىزدىكى ئەپكەشكىزنى،
بىلىكىڭىزدىكى ئورغىقىڭىزنى
شۇڭلاشقا ئەسلەيدۇ ئۇلار تا ئەبەت.
گۇاجياتۇنىدىكى دېھقانلار مانا
ئەسلەيدۇ "پېك بوۋاي" — پېك دېخۇەي سىزنى
ئەسلەيدۇ سېغىنىپ ئۇنتۇماي پەقەت.
باغلارغا سۇ تۇتۇپ، قۇدۇقلار قېزىپ،
كېسەلدىن ھال سوراپ، دورىلار بېرىپ،
سىز ئۇلار ھالىغا يەتكەن ھەر نۆۋەت.
ياغقاندا شىددەتلىك يامغۇر شارقىراپ
بۇندا ھەر خانىدانىدىن ھال-ئەھۋال سوراپ،
سىز بەرگەن ئۇلارغا ياردەم ۋە مەدەت.
يامغۇردا ھۆل بولغان كىيىمىڭىزنى،
ئىششىغان، لاي بولغان پۇتلىرىڭىزنى
شۇڭلاشقا ئەسلەيدۇ ئۇلار تا ئەبەت.

قوماندان پېلڭ دېخۇەي،
سىز ئەنە شۇنداق
جاپانى، راھەتنى كۆرۈپ تەڭ ئورتاق،
كەلدىڭىز كەڭ خەلق ئاممىسى بىلەن،
سىز ئويلاپ خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى،
ئاشۇ "تۆەنجاڭ"لىق مەنسىپىڭىزنى
قىلچە ئىككىلەنمەي تېگىشتىڭىز سىز
قوزغىلاڭچىلارنىڭ نەيزىسى بىلەن.
سىز ئويلاپ خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى
ھەربىي مىنىستىرلىك پاگونىڭىزنى
قىلچە ئىككىلەنمەي تېگىشتىڭىز سىز
پېشقەدەم دېھقانىنىڭ جۇۋىسى بىلەن.
بىر ئۆمۈر يېدىڭىز خەلق ئۈچۈن غەم،
ئاقاردى چېكە چاچ، قاشلىرىڭىز ھەم،
تۇرمىگە چۈشۈشكە بولدىڭىز رازى،
ئالدانماي سەلتەنەت تاجىسى بىلەن.

سۇئاللار قويماقتا تارىخ دەل شۇ تاپ،
قوماندان پېلڭ دېخۇەي، سىزگە ئوخشاش ئادەم
ئۈن - تىنسىز ئۆلەمدۇ،
كېتەمدۇ يوقاپ؟
قوماندان پېلڭ دېخۇەي، ئېيتىڭچۇ، سىزنى،
باشقىلار قانداقچە ئېپ ماڭدى باغلاپ؟

ئېيتىڭچۇ، باشقىلار سىزنى قانداقچە
قىيىندى قاراڭغۇ زىندانغا تاشلاپ؟
قانداقچە بۇ چەكسىز كائىنات ئارا
ئۆتكۈر خىتابىڭىز، غەزەپلىك سادا
يوقالدى، تۇرمىدى ھېلىمۇ ياڭراپ؟
قانداقچە بۇ چەكسىز ۋەتەن كۆكسىدە
سىزگە ئۇۋۋاللىق بولغانلىق ھەقتە
كېتەلمىدىڭىز بىرەر خەت تاشلاپ؟...

ۋەتەنگە كەلگ قۇچاق ئاچتى گۈلباھار،
تەيخاڭشەن تېغىنى باسقان مۇز ھەم قار،
باھارنىڭ تەپتىدە ئېرىپ ئاقماقتا،
خۇاڭخې ھەيۋەتلىك دولقۇن ئاتماقتا!
ئاڭلىغىن، خۇاڭخېدىن كېلەر بىر سادا!
ئۇ پۈتۈن دۇنياغا
قىلماقتا جاكار:
ئوتتۇز ياشقا كىرگەن دۆلىتىمىزنىڭ
مەركەز ـ تويىغا قاتنىششىش ئۈچۈن
پېشقەدەم قوماندان بىزنىڭ پېڭ دېخۇەي
كىرمەكتە داخۇيتاڭ زالىغا مانا.
توققۇز يۈز مىليون جۇڭگولۇق ئۇنى
سايلىدى ۋەكىل قىپ بىردەك ئاۋازدا!
پېشقەدەم قوماندان بىزنىڭ پېڭ دېخۇەي،

سىزگە ئۆلۈم يوق ــ ئۆلمەيسىز ئەسلا!
ئۇلۇغۋار روھىڭىز ــ قىياپىتىڭىز
مەڭگۈ قەد كۆتۈرۈپ تۇرار مەردانە
ۋەتەنىنىڭ بىپايان كەڭ زېمىنىدا.
سىز بۈيۈك تەيخاڭشەن تېغىدەك،
ياشايسىز تائەبەد خۇاڭخېدەك گويا!
(«خەلق ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 1979 ـ يىل 7 ـ سانىدىن.)

# چىن ئىنسان ھەققىدە مەرسىيە

ـــــيولداش ليۇ شاۋچىغا بېغىشلايمەن.

”ئۇنىڭدا قىلچە شەخسىي غەرەز بولمىغاچقا، ئۇ ھېچنېمىدىن قورقمايدۇ.“
ـــــ«كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ تەربىيىلىنىشى» دېگەن كىتابتىن.

## 1. ”يولداش شاۋچى“ دەپ ئاتايمىز سىزنى

سىز ـ
ئۇزۇن كۆپكۆك چاپاننى كىيىپ،
نىڭشياڭنىڭ قەغەز كۇنلۇكىنى
يەلكىگە سىلىپ؛

مىللىتىمىزنىڭ چىرىغىنى
نۇرلاندۇرۇشنى چىن ئارمان قىلىپ؛
كەلدىڭىز ئاشۇ ”تەنزىچۇڭ“دىكى
جياڭنەن پاسونىدا ياسالغان
ھويلىدىن چىقىپ!
سىز —
يۇلۇشەن تېغىنىڭ
قاراڭغۇ تۈنىنىڭ ھەمراھى بولۇپ،
شياڭياڭ دەرياسىنىڭ شاۋقۇنلىرىغا
قۇلاق سالدىڭىز راسا زەڭ قويۇپ.
چاڭشادىكى شىفەن مەكتەپنىڭ
پارتىسىدا تەمكىن ئولتۇرۇپ،
ئىنقىلابىي دوستلار مەكتۇپلىرىنى
تۈنجى قېتىم كۆردىڭىز ئوقۇپ!
شۇندىن تارتىپ،
تاكى ئاتمىش توققۇزىنچى يىلغىچە؛
تاكى ئۇلار سىزنى
قانداقتۇر بىر
يارىلانغان ”ئۇۋۇ“غا
ئايلاندۇرغىچە؛
بېيجىڭ شەھىرىدىن يالاپ ئەپچىقىپ،
ئاشۇ قاراڭغۇ
زەيلىك ”قوتان“غا سىزنى سالغىچە؛

جاراھەتلەنگەن كۆكرىكىڭىزدىن
تاما ـ تاما،
ئەڭ ئاداققى بىر تامچە قانمۇ
تۆگەپ ئاققۇچە؛
ئەسلى قامەتلىك ۋۇجۇدىڭىزدا
بىرنەچچە تال
تىرىكە چاپلانغان سۆڭەك قالغۇچە؛
ھەم شۇ سۆڭەكنى
قانغا مىلەنگەن
كىيىم پارچىلىرى قاپلاپ ياتقۇچە...

ئۆتتى مانا ئۇزاق بىر تارىخ —
ئۇزاق بىر جەريان؛
باشتىن تارتىپ ئاخىرىغا قەدەر،
ئۆتتى مانا كۆپ يىل ـ كۆپ زامان.
ئىنقىلابىي ھايات ـ ئۆمرىڭىز
ئۆتتى بىسىپ يېرىم ئەسىرنى،
سىزگە بەرسەم قانداق تەبىرنى،
كۆڭلۈم ئارام تاپاركىن شۇ ئان!
ئاشۇ ئۆتكەن ئەللىك يىلدا سىز
نۇرغۇنلىغان ۋەزىپىلەرنى
زىممىڭىزگە ئالدىڭىز ھامان.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ساۋاقداشلار ـ ئوقۇغۇچىلار
”لېۋ ئۇستاز“ دەپ ئاتىسا سىزنى،
ئىشچىلار زور ھۆرمەت بىلدۈرۈپ،
”لېۇۋبىيىۇەن“دەپ سىزنى چاقىرغان.
قىزىل ئارمىيە ئەسكەر ـ جەڭچىسى
”كومىسسار“ دەپ چاقىرسا سىزنى،
يېڭشياڭدىكى قېرى مومايلار
”بالام“ دېگەن نامدا ئاتىغان!

سىزنى ئاتاي قايسى بىر نامدا؟
سىز ئەزەلدىن
كۆڭۈل بۆلمەي كەلدىڭىز ھەتتا ـ
ئۆزىڭىزنىڭ سالامەتلىكى،
ھاياتىڭىزنىڭ بىخەتەرلىكى
دىققىتىڭىزنى تارتمىدى ئەسلا.
خىزمەت، خىزمەت، خىزمەت دېدىڭىز،
ئىشلىدىڭىز ئىشقا بەنت بولۇپ،
ئاش ـ تاماقنى، چارچاشنى ئۇنتۇپ،
ئۇلىدىڭىز كېچىنى تاڭغا!
خىزمەتتىكى ۋەزىپىڭىزگە
ھەم شەخسىي نام ـ نەسىبىڭىزگە
سىز بەردىڭىز ئەڭ توغرا باھا:

www.uyghurkitap.com

ئۇ ئىنقىلاب قامۇسىدىكى
ئادەتتىكى پەنگە بىر ئۇندەش
ياكى ئاددىي بىرلا تەتۇر پەش
بولۇپ سىزگە تۇيۇلدى گويا!

ئېھتىياجى ئۈچۈن خىزمەتنىڭ
ئىسمىڭىزنى ـ فامىلىڭىزنى
يوشۇردىڭىز كۆپ ئۇزاق يىللاپ!
ئۆزگەرتىلگەن سانسىز ئىسمىنىڭ
بەزىسىنى ھەتتا ئۆزىڭىز
قالمىدىڭىز ئەستە چىڭ ساقلاپ.
چۈنكى ئۇلار قالغان ئەمەلدىن
بىر كۈنلۈكلا ھاجەتكە ياراپ!
ياكى شلەپە، كاستۇم چاپاندا
ياكى يەكتەك، قىسقا ئىشتاندا
ياساندىڭىز، قىلدىڭىز پەدەز
تۈرلۈك سىياق ـ شەكىلنى دوراپ.
بىراق ئاشۇ سانسىز كېيىمدە
سادىقەتكە تولغان بىر يۈرەك،
تۇردى دائىم ئوت بولۇپ چاقناپ!
تارىخ قان ۋە ئوتنىڭ رەڭگىدە
چىقتى سىزنىڭ سۈرىتىڭىزنى
چىقتى مانا كارامەت ياساپ.

خۇش تەبەسسۇم، كۈلۈمسرەشتە
تۇنۇگۇنكى يالقۇنلار ـ ئىسلار
يوشۇرۇنۇپ تۇرىدۇ شۇ تاپ.
ئۆتمۈشنىڭ سوغ ـ قەھرىتانىنى
ئەستە مەڭگۈ ساقلار ئاق چاچلار،
تۇرار ئۇلار قىراۋغا ئوخشاپ!

سىز ئۆزىڭىز ـ
جۇمھۇرىيىتىمىزگە رەئىس ئىدىڭىز!
بىراق، بىلەلمەي كەلدۇق بۇ سىرنى:
"رەئىس ليۇ شاۋچى"دېسەك بىز سىزنى،
خۇش كۆرمىدىڭىز بۇنداق نامنى سىز.
كەلدۇق دېگەندەك ئادەتلىنەلمەي
بۇنداق نام بىلەن ئاتاشقىمۇ بىر!
"يولداش شاۋچى" دەپ ئاتىساق سىزنى
يېقىملىق ھېسقا چۆمەر دىلىمىز.
چۈنكى،
پەقەت ئاشۇ نام ـ ئىبارىدە،
تاپىدۇ ھامان تولۇق ئىپادە،
سىزگە باغلانغان
كۆڭۈل رىشتىمىز!
چۈنكى،
پەقەت ئاشۇ نام ـ ئىبارىدە،

تاپىدۇ ھامان ئاسان ئىپادە،
سىزگە ئۇرغۇغان
سۆيگۈ مېھرىمىز.

ئاقلار رايونىدا،
سوۋېت رايونىدا،
شىمالىي خۇەيخېدە،
يەنئەن شەھرىدە،
يېڭى تۆتىنچى ئارمىيىمىزنىڭ
مەش مەيدانىدا،
شىبەييۇدىكى يىغىن زالىدا ـ
مۇنبەر ئالدىدا،
"يولداش شاۋچى كەلمەكتە ئەنە!"
بۇ خىتاب بولۇپ قىزغىن تەنتەنە،
ئۇرغۇغان دىللاردىن تېخى تونۇلغۇن.
لىققىدە ياشلارغا تولۇپ ھەر جۈپ كۆز،
مانا ياڭرىماقتا شۇ خىتاب ـ شۇ سۆز.
قوزغىتىپ دىللاردا دەرت ـ ھەسرەت
بولغۇن...

## 2. كەتتى بىر كوممۇنىست

ئېخ، يولداش شاۋچى،
سىز نەلىك زادى؟

ئىنقىلابىمىز قۇربانلىرىنى
تىزىملايدىغان ئاشۇ دەپتەرگە
قانداق يازغۇلۇق
يۇرتىڭىزنى
ئادرېسىڭىزنى؟
راستتىن يۇرتىڭىز مۇشۇ يەرلەرمۇ:
شياڭجاڭ بويلىرى،
ۋېيشۇي ساھىلى؟
كىچىك كۆۋرۈك، ئېرىقلىرى بار
چاي ئورمىنىنىڭ ئەڭ تۆپكى جايى؟
يېشىل بامبۇكلار باراقسان ئۆسكەن
كۆلنىڭ بويىمۇ يۇرتىڭىز ياكى؟

ياق!
ھەربىي يۇرۇش خاتىرىڭىزدىن ـ
ئاشۇ دەپتەردىن خوپ ئايان بىزگە:
خۇنەن ـ
ئۇ پەقەت
تۇنجى بىر بېكەت،
پۈتكۈل ھەربىي سەپىرىڭىزدە؛
سىزنى ئاتلاندۇرغان جەڭ مەيدانىغا
ئۇ تۇنجى بارگاھتۇر — تۇنجى گەزەرمە!

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

سىز ئاشۇ يەردە تەييار ـ تەق بولۇپ،
ئۈتتىكلەتتىڭىز خەنجەرنى بىلەپ!
يورۇق ئالەمگە كېلىپلا دەسلەپ
ئىنقىلابىمىز داھىسى بولۇپ
تونۇلمىغانسىز،
بۇ ھەقىقىي گەپ!
خۇامىڭلۇدىكى
تاڭۋەندە سىزمۇ
باللار بىلەن ئوينىغان بىللە،
دەرەخقە چىقىپ،
كۆلچەككە سەكرەپ.
سەبى گۆدەكلىك، ئۆسمۈرلۈك چاغى
ئۆزىڭىز ئوخشاش باللار بىلەن
ئۆتكۈزگەن سىزمۇ ئەنە بىر ـ بىرلەپ...

ئەنيۈەن خېڭدا پىشقەدەم ئىشچى
سىزنى ياد ئېتىپ، ئالدۇ ئەسكە!
دادىل ئاقابىل تۇرغان ئىدىڭىز
"ۋاڭ سەن ساقال"نىڭ تىغ ـ نەيزىسىگە.
ئىش تاشلاش شتابى ۋەكىلى بولۇپ،
قاتناشتىڭىز سىز تەنپەن ـ سۆھبەتكە.
تەنپەندە شۇنداق تەلەپ قويىدى ياۋ:
"ئىش كەلتۈرۈلسۇن دەرھال ئەسلىگە!"

دېدىڭىز شۇندا: "ئەڭ ئالدى بىلەن
ئون يەتتە شەرتنى ئاشۇر ئەمەلگە!"
دېدى دۈشمەنلەر كۈرسىنىپ ھەيۋە:
"بىز ئىگە مانا مىڭلاپ ئەسكەرگە!"
دېدىڭىز شۇندا: "بىز ئىگە مانا
تۈمەن - مىڭلىغان ئىشچى — قەيسەرگە!"
ئىش تاشلاش ئاخىر قىلدى غەلىبە!
ئىشچىلار ئالقىش ئوقۇدى شۇندا
بىمالال - تەمكىن،
مەرتلىكىڭىزگە!

بىراق،
شۇ ھالەتتىمۇ ئۇلارنىڭ قەلبى
تولغان يەنىلا غەم - ئەندىشىگە.
يېگىرمە تۆت ياش يىگىتنىڭ
دۈشمەن -
تۇرسا مىلتىقنى تەڭلەپ كۆكسىگە:
قېنى قانداقچە ئەندىشە - تەشۋىش
تولمىسۇن ئۇلار قەلبى - كۆڭلىگە!

چۈنكى سىز،
بەك ياش ئىدىڭىز ئەنە شۇ چاغدا
شۇڭا سىز
ئەنيۇەن كانىدىن ئايرىلىپ چىققان

ئەڭ ئاخىرقى تۈندە ـ ئاخشامدا؛
تالاي ئىشچى قېرىنداشلارنىڭ
يۈرەك تارلىرى
تىترىگەن تەشۋىش ـ غەم ھاياجاندا.
يولداش شاۋچى كەتتى قاياققا؟
ئىزدەپ جۈدەك چىرايىڭىزنى
تاپالمىدى كاندا ئىشچىلار
كۆرمىگىلىغان نۇرلۇق چىراغدا.
يولداش شاۋچى كەتتى قاياققا؟
ئەنيۈەن ئىشچىلار كۆلۈبىدىكى
پېشقەدەم ئۇستا چۇشۇپ سەكراتقا،
ئاخىرقى دەمدە ئىزدىدى سىزنى
تاپالمىدى،
ئەندىشىنى ـ
ئېلىپ كەتتى باقى دۇنياغا!
يولداش شاۋچى كەتتىڭىز ئۇزاق،
كېيىگىنىڭىز ـ
ئاشۇ بىر جۈپ يىرتىق خەي ـ ئاياق.
سىز نىشانلاپ ماڭغان ئۇ يەردە
كۈتمەس سىزنى زىياپەت بىراق.
سىز كەتتىڭىز
باشقا جايدىكى
"ۋاڭ سەن ساقال"غا قارشى كۆرەشكە،

سىزنى كۆتىدۇ ئەنە شۇ يەردە
دۈشمەن تەگلىگەن نەيزە، تىغ ـياراق.
يولداش شاۋچى كەتتىڭىز ئۇزاق!
جەسۇرانە چىقتىڭىز يولغا،
ئۇزەر شىياگجىياگدا سىز چۈشكەن قولۋاق.
"خىزمەتكە قويۇش يارلىقى" بىلەن
ئاتلانمىدىڭىز سەپەرگە ئەسلا،
ئالغىلى يېڭى مەنسەپ ـ نام، ئاتاق.
كومموئنستقا خاس پارتىيىۋىلىك
بولدى سىز ئۈچۈن مىزان ھەممە ۋاق.
سىز ئاتلاندىڭىز،
كۆتمەكتە يەنە
كۆتمەكتە سىزنى يېڭى بىر قىرغاق.

ئۇ ئىدى ـ
كەسكىن كۆرەشكە تولغان جەڭ مەيدان!
ئىس ـ تۈتەكلەر قاپلاپ ھەر يانىنى،
يالقۇنلاپ بىھېساب گۈلخان.
شاڭخەيدىكى فابرىكىلاردا
مانجۇرىيىدە دەڭ ـ سارايلاردا،
ۋۇياگچېڭنىڭ كوچىلىرىدا
تيەنجىن پورتى، ۋوگزاللىرىدا
كۆرەش راسا ئەۋجىگە چىققان.

www.uyghurkitap.com

قاملىش خەۋپى ئېنىق تۇرسىمۇ،
جاسۇسلار ئىز بېسىپ ماراپ يۈرسىمۇ
خەتەرلىك جايلارغا كىردىڭىز ھامان.
ئۇ يولۋاس، ھەجدىھا ئۇۋىسى ئىدى،
گويا تىغلاردىن يارالغان ئورمان!
سىز كىرىپ دۈشمەننىڭ يوچۇقلىرىدىن
چىلبۆرى، ئالۋاستى - جىنلارغا قارشى
ئاچتىڭىز - جەڭ ئۇرۇش،
پىدا قىلىپ جان.

مانا بۈگۈن ئېچىلدۇرغۇچە
غەلىبىمىزنىڭ قىزىلگۈلىنى،
سىز تەردىڭىز - چاچتىڭىز سانسىز
ئىنقىلابنىڭ ئۇرۇقلىرىنى.
ئازاپ چەككەن بىھىساب خەلق،
ئۆز قۇلىقىدا ئاڭلىغان ئېنىق،
سىز سۆزلىگەن يەرلىك شىۋىدە -
خۇنەننىڭ خاس تەلەپپۇزىنى:
"ئىتتىپاقلىشىپ، قىلايلى كۈرەش،
كونا دۇنيانىڭ سۇرۇپ كۈلىنى!
بىر تال چوكىنى سۇندۇرماق ئاسان،
سۇندۇرماق قىيىن بىر توپ چوكىنى..."

سىزدە بار تەڭداشسىز ئەقىل-پاراسەت،
سىزدە بار مىسلىسىز مەردلىك-جاسارەت،
ئىشچىلار دەيدۇكى:
كۆكسىڭىزدە بار
سىزنى ئاسرايدىغان دەل ئون ئۈچ دانە
ئالتۇن قالقاندىن ئىبارەت ھېكمەت!
نەدىكى يوق گەپ بۇ،
ۋۇجۇدىڭىزدا-
ئىككى خىل ئەڭگۈشتەر مەۋجۇتتۇر پەقەت:
بىرسىدۇر-
خەلققە، كومپارتىيىگە
سىزدىكى سەمىمىي، چەكسىز ساداقەت.
بىرسىدۇر-
كوممۇنىزىم ئىشلىرى ئۈچۈن
سىزدىكى ئەقىدە، ئىشەنچ، قەتئىيەت!

## 3. ئۆلمەيدۇ ئەسلا ئۇلۇغ روھىڭىز

ئۆتتىڭىز ئۇزاق يوللارنى بېسىپ،
ئەللىك يىللىق جەريان-مۇددەتتە
قاتتىق جەڭ قىلىپ!
ھالقىغاندا يەتمىش بىر ياشتىن
سىزنى تامام باستى كېسەللىك-
بولدىڭىز مېيىپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

يولداش شاۋچى!
سىز كەتتىڭىز ـ كەتتىڭىز، ئۇسست!
كەتكەندىمۇ،
ئىنتايىن زور ئەلەم ـ ھەسرەتنى،
چىدىغۇسىز ئازاب ـ كۈلپەتنى
زىممىگە ئېلىپ.
چاڭبەيشەندىن خەينەنداۋغىچە
ئېيتىلمىدى ماتەم ناخشىسى
ھازا ئېچىپ،
سىزنى ياد ئېتىپ!
بىر مىلياردلىق بۇ چوڭ دۆلەتتە
كىچىككىنە گۈلچەمبىرەكنى
سىزگە ئەسلا تەقدىم قىلمىدى
بىرەر ئادەم ئوتتۇرىغا چىقىپ!

ئېيتىڭلارچۇ، نېمىشقا مۇنداق؟
خاتىرىمىز تامام ناچارلاپ،
بولدۇقمۇ بىز شۇنچە ئۇنتۇغاق!
ياكى ئوتلۇق ھېسسىيات ـ تۇيغۇمىز
ئۆچە ـ ئۆچە بولۇپ قالدۇقمۇ
مۇز ئوخشاش سوغاق!
سىز بىلەمسىز؟
جەسەت كۆلىڭىز

قاچىلانغان قۇتىغا شۇ چاغ.
مەملىكەتكە "رەئىس" دەپ يازماي
"ۋەزىپىسى يوق" دېگەن سۆزنى
يازدى ئۇلار تەپ تارتماي بىراق.
ئۇلار سىزگە قىلىپ سۇيىقەست،
توقۇپ چىققان "جىنايەتلەر"نى
تەكرارلىماي مەن باشتىن - ئاياق!
ئۇلار يازدى ئەڭ ئاداققى رەت
"سالاھىيەت"ھەققىدە "ھۆججەت".
بەردى سىزگە،
"مەھبۇس" دەپ ئاتاق...

چەكتىن ئاشقان زىيانكەشلىك بۇ،
كۆرۈلمىگەن ئەزەلدىن ئەبەت،
زىلزىلىگە سالغان ئالەمنى
بۇ مىسلىسىز ئۇۋاللىق پەقەت!
ئاشۇ ئۇزۇن سەپەر شەنىگە
كەلتۈرۈلگەن ئاچچىق ھاقارەت!
بەش مىڭ يىللىق تارىخ ئالدىدا
ئۆتكۈزۈلگەن بۇ چوڭ جىنايەت!
تارىخ، تارىخ،
نېمىشقىمۇ سەن
مۇنچە كەسكىن، مۇنچە بىشەپقەت!

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ياخشىلارغا
نىمشقا كۆپلەپ
دۇچ كېلىدۇ ئازاب ـ ئوقۇبەت!
يولداش شاۋچى!
سىز بۇسۇپ چىققان
جياڭ جيېشىنىڭ قامالىلىرىنى،
بولسىمۇ ئۇ قەۋەتمۇقەۋەت.
ئەپسۇس، يالغان كومپارتىيىنىڭ
تۈرلۈك ھىيلە ـ سۇيىقەستىدىن
يوشۇرۇنۇپ قالالمىدىڭىز
ئۆزىڭىزنى قوغداپ ئاقىۋەت.
ئاق تېررورنىڭ
جاسۇس دۇيىدىن
سىز قۇتۇلۇپ چىققان ئىدىڭىز
ئامان ـ ئېسەن تالاي ـ تالاي رەت.
قىزىل تېررور
قورشاۋلىرىدىن
قېچىپ ئەسلا چىقالمىدىڭىز،
سىز قۇتۇلۇپ ئامان ـ سالامەت...

يولداش شاۋچى ئېيتاي مەن سىزگە،
ئىشەنمەيمىز مۇتلەق بۇ سۆزگە:
سىزنى "ئاغرىپ ئۆلدى" دېگەنگە.

قانداق "كېسەل دىئاگنوزى" ئۇ
قېنى ئاغرىپ ئۆلۈپسىز نەدە؟
بىر مىليارد ئەل گۇۋاھچى-ئىسپات،
بەكمۇ ئېنىق-روشەن ھەممىگە:
ئەسلىدە بۇ-
قاتىللىق ئەنزە!
دۆلىتىمىز رەئىسى — سىزنى
ئۇلار مەھكەم چىرماپ باغلىدى،
ئۆز مەيلىچە
كۇپكۇندۇز كۈندە.
ئۇردى قىلچە رەھىم قىلماستىن،
قارا داغلار،
ئۇيۇغان قانلار
تولۇپ كەتتى بەدىنىڭىزگە!
جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ
ئاساسىي قانۇننى چەيلىدى ئۇلار
خالىغانچە قىلىپ دەپسەندە!
مىشقىرىشتى، تۇكۇردى سىزگە
سالدى زۇلۇم بىر توپ پەسەندە!

ئۇلار
ئاشۇ ئىشخانىڭىزنى
ئايلاندۇردى "تۇرمە-زىندان"غا.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ھەجۋىي سۆرەت، لوزۇنكىلارنى
چاپلىۋەتتى تولدۇرۇپ تامغا.
بىرنەچچە تال ساق چىشىڭىزدا
غاجىدىڭىز قاتتىق ۋوتۇنى،
كۆنلىرىڭىز قالدى پەقەتلا
ئاشقان ـ تاشقان مۇزدەك تائامغا.
سۇ بەرمىدى ئىچىشىڭىزگە،
چەك قويۇشتى سۆزلىشىڭىزگە،
ھەتتا ئۇلار بەرمىدى رۇخسەت،
يول قويمىدى ئۇيقۇ ـ ئارامغا...

مەرىپەتلىك زامانىمىزنىڭ
قانۇنشۇناس ـ يۇرىدىكلىرى
بۇ خىلدىكى "قانۇننامە"نى
كۆرمىگەندۇ ئوقۇپ ۋاراقلاپ.
بۇندا رۇخسەت يوق ئەرز قىلىشقا،
رۇخسەت يوق ئۆزىنى چىقىشقا ئاقلاپ.
بۇ "قانۇن"دا رۇخسەت يوق ھەتتا
ئالتە ياشلىق سەبىي قىزچاقنىڭ
تۇۋلىشىغا "دادا" دەپ تۇۋلاپ.
ھەم رۇخسەت يوق ئەڭ ئاداققى رەت
نەزەر تاشلىشىغا دادىغا قاراپ!

سىزنى ئۇن ئاي-
تاڭدى مەھكەم كارۋاتقا باغلاپ،
يۇيۇنۇشقا قىلمىدى رۇخسەت،
چاچ ئېلىشقا قىلمىدى رۇخسەت،
چاچلىرىڭىز ئۆستى پاخپاراپ.
تەندە بىر ئىلىك نورمال تېرىڭىز،
بىر تال مۇكەممەل قان تومۇرىڭىز
قالمىدى ئۆزىنىڭ ئەسلىنى ساقلاپ!

يولداش شاۋچى!
بۇ ئىشنى بەلكى
كۆرمىگەنسىز ھەرگىز ئويلىنىپ!
ۋۇجۇدىڭىز جاراھەت-يارا،
جۇڭنەنخەيدىن چىققىنىڭىزدا
جىنايەتكار بولۇپ قوغلىنىپ؛
تەرگە پېتىپ ياتقانىدىڭىز
پەقەت ئاشۇ جۇلقى چىققان
ئەديالغا مەھكەم ئورۇنۇپ!
يولداش شاۋچى!
بۇ ئىشنى بەلكى
كۆرمىگەنسىز ھەرگىز ئويلىنىپ!
زۇلمەت باسقان قارا ئاخشامدا؛
كەيفىڭدىكى جەسەت كۆيدۈرۈش-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

مەيدانىغا ئېلىپ ماڭغاندا؛
ئۇلار سىزگە قويمىدى ئەسلا
بىرقۇر يېڭى كىيىم كىيگۈزۈپ،
يۈز ـ قولىڭىزنى پاكىز يۇغۇزۇپ.
ئەقەللىسى بىر جۈپ پايپاقنى
كىيدۈرمىدى سىزنى ئۈزۈتۈپ.
ئۇلار ئۇ چاغ چوڭ مەنسەپ تۇتۇپ،
تۈيۇقسىزلا كەتكەن باي بولۇپ،
قىزىل گىلەم ئۈستىدە يايراپ،
دوست تارتىشقان شادلىققا تولۇپ!
ئەپسۇس، ئۇ چاغ سىز يالىڭاياغ
ئۇ دۇنياغا ماڭغان يول تۇتۇپ...

مىڭ يىللىق تارىخنى ۋاراقلاپ مانا،
بۇ سۇپەت زۇلمەتلىك قاپقارا بەتنى
تېخىچە بىر تېپىپ چىقمىدۇق ئەسلا!
ئەي يۇلتۇز ـ سەييارە، ئەي قۇياش،
ئەي ئاي،
ئەي زېمىن، ئەي ئاسمان خىتابىم ئاڭلا!
يولداش شاۋچى،
بۇ سىزنىڭ جىسمىڭىزلىمۇ،
ئۇلار ئاياغ ئاستى قىلغان پەقەتلا.

ياق، ئۇلار كەلتۈردى ئېغىر ھاقارەت
پۈتكۈل دۆلىتىمىز،
مىللىتىمىزنىڭ،
بىر مىليارد جۇڭگولۇق ئوغۇل ۋە قىزىنىڭ
قەدىر ـ قىممىتىگە، نومۇس ـ ئارىغا!

مەن ـ
داۋام قىلالماي قالدىم شېئىرىمنى؛
چۈنكى بىزنىڭ
زەخمىلەنگەن نېرۋىمىز،
كۆتۈرەلمەيدۇ
مۇنداق ئېغىر روھىي بېسىمنى!
يولداش شاۋچى!
بىز ـ
ئېيتىمىز سىزگە،
مەڭگۈ ئۇنتۇمايدۇ سىزنى خەلقىمىز،
تا ئەبەد ياد ئېتىپ ئەسلەيدۇ سىزنى!
خۇددى مەڭگۈ ئۇنتۇمىغاندەك
تارىخىمىزنى،
ئىشىمىزنى،
ئەجدادىمىزنى!

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرىسى

ئۇنتۇيلى سىزنى قانداقچە!
خۇەيخې بويىدا ـ
لوگاڭ كەنتىدە،
ئۇزۇلۇپ قالغاندا فرونتتا ئاشلىق؛
ئۆزىڭىزگە تالىق
"باباۋپەن" ئاتلىق
ئاشۇ بىر ئۇلۇش تامىقىڭىزغا
كۆنمىگەن ئىدىڭىز ئېغىز تېگىشكە.
ئۇنتۇيلى سىزنى قانداقچە!
كەمەرنى چىڭ تارتىپ باغلىغاندا ئەل،
بارىدىڭىز يۇرتىڭىز قەدىم خۇنەنگە.
نارازىلىقنى ئاڭلاپ ئاممىنىڭ،
قويماستىن ئۇلارغا ئەيىبنى قىلچە؛
دۆلەت رەھبىرى سۈپىتىڭىزدە،
جاۋابكار ھېس قىلغان ئۆز ـ ئۆزىڭىزنى
يۈز بەرگەن جىمىكى مەسئۇلىيەتكە.
كۆز چاناقلىرىڭىز تولۇپ ياش بىلەن،
سىز چۆمگەن ئېيتقۇسىز ئازاب ـ
ھەسرەتكە!

ئۇنتۇلماس بۇ ئىشلار ئەبەدىلئەبەد،
ئالەمنى پۈتۈنلەي دازىباۋ قاپلاپ

كەلگەندە ۋەتەنگە ئېغىر پالاكەت،
ئىنقىلاب ئىشىغا خەتەر ھالەت؛
مانا مەن دەپ سىزنى كۆتسىمۇ ئۇ چاغ
كۆتسىمۇ ئەڭ ئېغىر پاجىئە قىسمەت،
ۋە لېكىن-
سىز يەنە كېرىپ كۆكرەكنى،
چىقتىڭىز مەيدانغا مەردانە سۈپەت؛
سىز خىتاب قىلدىڭىز
ئەڭ ئاداققى رەت:
جىمىكى يۈز بەرگەن "خاتالىقلار"نىڭ
مەسئۇلىيىتىنى مەن ئالاي پەقەت!
چاقىرىلغان تۆتلەرگە
پارتىيە تارتمىسۇن ئارتۇقچە زىيان،
كەلمىسۇن خەلققە يەنە كۆپ ئاپەت...

يولداش شاۋچى!
ئاشۇ سۆزىڭىزنىڭ سالماق ۋەزنىنى
ئۆلچىگىلى بولىدۇ قانداق؟
ياق!
ئۇ ئادەتتىكى سۆز-جۈملە ئەمەس،
ئۇ شاۋقۇنلىغان چوڭ دېڭىز گويا،
ئۇ خۇددى ھەيۋەتلىك مەغرۇر بۈيۈك-
تاغ!

ئۇنتۇيلى سىزنى قانداقچە!
خۇەيخې بويىدا-
لوگاڭ كەنتىدە،
ئۆزۈلۈپ قالغاندا فرونتتا ئاشلىق؛
ئۆزىڭىزگە تالىق
"باباۋپەن" ئاتلىق
ئاشۇ بىر ئۆلۈش تامىقىڭىزغا
ئۆز غېمىڭىزنى سىز تاشلاپ يىراق،
چىقتىڭىز مەيدانغا جان پىدا ئەيلەپ،
پارتىيە، خەلقىمىز نىجات تاپسۇن دەپ،
ھەتتا ئۆمرىڭىزدىن كەچتىڭىز بىراق!

مانا بۇ-
يولداش شاۋچى — بىزگە قەدىردان.
مانا بۇ-
جۇڭگو گۇڭچەنداڭنىڭ
بىر ئەزاسى — مۇنەۋۋەر ئوغلان.
قۇرۇش يولىدا پارتىيىمىزنى
چاچلىرى پۈتۈنلەي ئاپئاق ئاقارغان،
تېخى ئۇ-
نەچچە ئون يىللار ئالدىدا
ئۆسمۈر بالا ئىدى، زېرەك، نەۋقىران!
قوغداش يولىدا پارتىيىمىزنى

ئەڭ ئاداققى تىنىققا قەدەر
قىلدى ئۇ جەڭ ـ كۈرەش، پىدا ئەيلەپ جان؛
ھەتتا ـ
تاما ـ تاما تۆكەپ كەتكۈچە
تومۇرىدا ئاققان قىزىل قان!
ئاشۇ شانلىق
«تەربىيىلىنىش» دېگەن كىتابنى
دەمسىز راستىنلا
قەلەم بىلەن يېزىلىپ چىققان؟
ياق، ئەسلا!
پۈتكۈل جىسمىڭىز، قەلبىڭىز بىلەن
تىكلەپ بەردىڭىز بىز ئۈچۈن مانا،
بىر كوممۇنىستقا
خاس ئۈلگە ـ مىزان
بىلمەيدۇ ئۆلۈمنى ئۈلگە ھېچقاچان!

يولداش شاۋچى
سىز بىزگە سۆيۈملۈك، ئەزىز ـ مېھرىبان!
بۈگۈن سىز قەيەردە، نېمە بىلەن بەنت؟
بۇ ئىشلار ئەمەستۇر بىزگە بەك ئايان.
ۋە بەلكى ـ
ئەرشتە يەكۈنلىگەنسىز
جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ تەجرىبىسىنى

ماركس بىلەن بىللە تۇرۇپ يانمۇيان.
ۋە بەلكى-
سىز قايتىپ قىزىل ئەنيۇەنگە،
كانىدىكى ئىشچىلار بىلەن بىر سەپتە
ياراتقانسىز يېڭى رىكورتنى شۇ ئان!
ھەرقاچان تۇرتكە بولۇپ سىز بىزگە
باشلاپ بىزنى پارلاق ئەتىگە،
ئىنقىلاب يەلكىنىنى ماگدۇرۇپ راۋان...

1980 - يىل فېۋرال.

(«خەلق ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 1980 - يىل 3 - سانىدىن)

# ئاگاھ بول، ئەي قول!

## 1

ئۇلار ئۇتتۇردى ھەممە نەرسىنى!
گاگسا - جىسا بولۇشتى مانا،
ئۇتتۇردى قالدۇرماي بىرەر تەگگىنى!
"مىليونېر"لىقتىن -
ئايلاندى قۇپقۇرۇق قەلەندەرلەرگە،
مىلك ئۆلۈپ - مەڭبىر تىرىلگەندىمۇ
تۆلىيەلمەيدۇ ئەسلا قەرزىنى!



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

تۆلىيەلمەيدۇ ئاشۇ قەرزىنىڭ
ئەڭ ئاداققى،
ئەڭ كىچىك
نۆل سىفىرىنى!

ئېھتىمال شۇ تاپتا
ئۇلارنى پۇتۇنلەي ئۇجۇقتۇرۇشقا،
قىلمىدى خەلقىمىز تامام تەييارلىق.
بۇنداق قىلغانلىق —
ئۇلار تېنىنىڭ باھا — تەننەرخى
بىر تال قوغۇشۇن ئوققا
ئەرزىمىگەنلىكتىن ئەمەستۇر، تەھقىق.
ئەكسىنچە،
ئەۋلادلارغا تىنچلىق — ئاراملىق
ئىزدىمەكتە خەلق.
مانا بۇلارنى —
دەۋرنىڭ ئالاھىدە مەھسۇلاتىنى
تارىخچىلار داۋاملىق
قىلىشسۇن تەتقىق!

بەزى تۇرلەرنى
ئۆتكۈزدى ئۆتكەللەر تەكشۈرۈپ قاراپ!
بۇگۈنكىسى ئاخىرقى بېكەت،
مۆكۈشكە — قېچىشقا بۇندا يوق پۇرسەت،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

چۈنكى، بۇ يەرنى ھەممە:
خەلق سوتى دەپ كەلمەكتە ئاتاپ.
ھەرقانداق بىرەر زات "پەيغەمبەرەك سىزسۇن"،
ياكى "باش لىگشتىپ" قوللىغان بولسۇن،
قىلمايدۇ سوت بۇنى ئەسلا ئېتىراپ.
ئۇنىڭ ئېتىراپ قىلىدىغىنى:
"ئادەم پاكىتى" ۋە "ماددىي ئىسپات".
ئۇنىڭغا تەكشۈرۈپ-ئېنىقلاش ئۈچۈن
زۆرۈر پەقەت بىر جۈپ قول شۇ تاپ!
قولۇڭنى چىقار!
سۇنغىن ئاپتاپقا-قۇياش نۇرىغا.
ھەربىر جۈپ كۆزلەر،
ھەربىر روجەكلەر،
تىكىلىپ تۇرماقتا ئالدىڭدا مانا.
ھە، مۇشۇ قوللارنىڭ ئوبراز-شەكلىگە
كىشىلەر قايتىدىن بېرىشسۇن باھا.
قېنى، سەن كۆرگەنمۇ مۇنداق قوللارنى؟
سەن ئۇنى ئۇچراتقان قايسىبىر جايدا؟
قايسىبىر چاغدا؟
ئويلانغىن-ئويلا!

## 2

بۇ قوللارنى بەلكى-
مىڭ توققۇز يۈز ئاتمىش ئالتىنچى يىلى
كۆرگەن بولغىنىڭ دەسلەپ-ئەڭ بۇرۇن،
ئۇ چاغدا-
خاتىمە بەرگەن يېڭىلا،
ئۈچ يىلغا سوزۇلغان ئاچارچىلىققا؛
بىز ئىچكەن ئۇماچ ئاش
گۈرۈچ تاماققا
ئەمدىلا بوشىتىپ بەرگەندى ئورۇن.
ئاشۇ پەيت-
تۈزۈشكەن ئۇلار توپلىنىپ،
ئالىي دەرىجىلىك "تاۋكا"غا سورۇن.
كۆركەم سارايدا-
جەم بولۇپ بىر جايغا ئەنە شۇ قوللار،
بىرلىكتە ئوينىغان سۈيىقەستلىك ئويۇن.

ئەنە ماۋۇ قول-
زەر يىپ بىلەن كەشتە چېكىلگەن
داستىخاننى تۇرماقتا سىلاپ!
تېرە سافانىڭ ئىككى يېقىنى

www.uyghurkitap.com

ماۋۇ قول تۇتماقتا مەھكەم چىڭ ئۇشلاپ!
مانا بۇ قوللارنى چىقماق تەس ساناپ!
بەزىسى سېمىز،
بەزىسى ئورۇق،
بەزىسىدە قىممەت باھالىق
تىرناق بوياقلىرى پارقىراپ چاقناپ،
بەزىسىنى تاماكا ئىسى
سارغايتقان ساپسېرىق رەڭ بىلەن بوياپ.

قوللار، ئەي قوللار!
ئۆتكەنكى ھالىتى مۇشۇ قوللارنىڭ
بولغاندا سەن ئۈچۈن مەلۇملۇق-ئايان،
بولاتتى ئۇ چاغدا ئەقلىڭ لال-ھەيران!
بەزىسى جىڭگاڭشەن تاغلىرى ئارا
نەيزە دەستىسىنى مەھكەم چىڭ تۇتقان.
ئېيتقىنا، ئەمەسمۇ مۇشۇ قوللارنىڭ-
بەزىسى نەنىۋەن بوز يەرلىرىنى
ئېچىشتا ئەجىر قىپ كەتمەنلەر چاپقان.
ھە، ئۇلار جۇڭگو كومپارتىيىسىگە
ئەزا بولۇش ئانكىتلىرىنى
مۇشۇ قوللاردا يازغان-تولدۇرغان.
ئەنە شۇ ئانكىتنىڭ-
كۆركەم-ھەيۋەتلىك كاتەكچىسىدە

مۇنداق قەسىمنى قىلىشقان بايان:
”كوممۇنىزىمنىڭ ئىشلىرى ئۈچۈن
جەڭ ـ كۆرەش قىلىشقا پىدادۇر بۇ جان...“

بىراق،
مانا بۇ قوللارنىڭ قىلغان ـ ئەتكىنى
بولۇپلا قالدى ئۆتكەن ئىش پەقەت!
بۈگۈن ـ
”ھەسسىدارلىق شىركىتى“ ئىچىدە
ئەنە شۇ ئادەملەر ھەربىرى ئەنە
بولدى ئادەتتىكى بىر ”پايچىك ـ چۆپقەت“.
چاچلىرى ئاپئاق،
ئەۋۇ ”پېشقەدەم خۇگجۇن“گە قارا،
يوقتەك تۇيۇلار ئۇنىڭدا گويا،
باشقىدىن ئۆزگىچە ”چوڭلۇق سالاپەت“.
ئەپسۇس ئۇ ـ
ئۆزىگە تاپقىلى ئابروي، شان ـ شۆھرەت؛
توقسان گرادۇس ئېگىپ بېلىنى،
مۈشتەك كىچىككىنە سەبى بالىنى
كۆككە كۆتۈرۈپ،
دېگەن: ”بەگ ھەزرەت!“

قوللار، ئەي قوللار!
سەن بۇ قوللارنى ئويلىما مۇنداق:

قارىسام بۇلارنىڭ ئالقانلىرىدا
كۆزگە چېلىقمايدۇ قاپارتقۇ، قاراپ؛
ھەتتاكى بۇ قوللار كۆتۈرەلمەيدۇ،
سۇياغدىن تۆت سەرنى،
ئاشتىن بەش قاداق!
خاتا قىلسەن، تامامەن خاتا!
ئەمەسمۇ زادى دەل مۇشۇ قوللار،
پۈتكۈل دۆلەتنى ئۆز ئالقىنىدا
چۆرۈپ ئوينىغان مەيلىچە ھەر ۋاق.
بىر مىليارد خەلقنىڭ ئىقبال-تەقدىرى،
بولغان ئۇلارغا ئويۇنچۇق-قوچاق!

ئەمەسمۇ زادى دەل مۇشۇ قوللار،
چوڭ قۇرۇقلۇقنىڭ تەكپۈكلۈقىنى
بىر ئاخشامدىلا يوقىتىۋەتكەن!
ئاسمان-پەلەكنى سىلىپ لەرزىگە
چەكسىز زېمىننى تىترىتىۋەتكەن!
ئەمەسمۇ زادى دەل مۇشۇ قوللار،
بىر قىقاس سۈرەن-شوئار بىلەنلا
پۈتۈن مىللەتنىڭ ئىدراك-ئەقلىنى
توغرا ئىزىدىن چىقىرىۋەتكەن!
ئەمەسمۇ زادى دەل مۇشۇ قوللار،
سەككىز يۈز مىليون خەلقنى ئۆزئارا

www.uyghurkitap.com

ئۇر ـ چاپقا سېلىپ قىرغۇزۇۋەتكەن!
قېرىنداشلارنى ئۆچمەنلەشتۈرۈپ،
سادىق دوستلارنى دۈشمەنلەشتۈرۈپ،
ئۆزئارا رەقىب ـ ياۋ قىلىۋەتكەن!

قانداق ئاتالغۇ "ئىنقىلاب" دېمەك؟
ئەپسۇس، ئۇلارنىڭ لۇغەتلىرىدە
"ئىنقىلاب دېمەك جۆندەپ ـ ئەپلىمەك!"
ئۇلار ئېيتىدۇ ئۈچ سۆزنى پەقەت:
"كۈرەش قىل، كۈرەش قىل ۋە كۈرەش قىل" دەپ!
"زامان، دەۋراننى ئۆزگەرتىش" ئۈچۈن
يوققا چىقارماق بولۇشتى ئۇلار
پۈتكۈل تارىخنى دەپسەندە ئەيلەپ!
"ھەممىنى تامامەن يوقىتىش" ئۈچۈن
ئۇلار دۇنيانىڭ كېلەچىكىنى
ياراتماق بولدى ئۆزلىرى دەسلەپ!

قارىغىن ئەنە،
ئۇلار كېتىشتى ئىشقا كىرىشىپ!
ھېسابات قىلىشقا ئۆگىنىپ كەتكەن
بارماقلىرىنى ئېچىپ ـ يېيىشىپ.
يەنە بىر قېتىم قوللاندى ئۇلار
"پىرسەنت" چىقىرىش فورمۇلىسىدا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

چوڭ بىر سۈيىقەستنى ئىشقا سېلىشىپ:
"يۈزدە بەش پىرسەنت،
يۈزدە ئون پىرسەنت..."
قىلدى ھېساب ـ چوت، مۇنداق دېيىشىپ:
"تۆتى كېسىلسىمۇ قالدۇ يەنە
ئون بارماقتىن ئالتىسى ئېشىپ!"
"ئىنقىلاب مېھمان چاقىرىش ئەمەس!"
"قىيما ـ چىيما بولۇپ"قا ھەتتا
تۇرغۇلۇق تەييار بوپ ھاياتنى تىكىپ.
چۆكۈش توغرا كەلسە چۆكمەمدۇ قۇلۋاق،
نېمىدىن قورقاتتۇق ئەندىشە قىلىپ!

قوللار، ھەي قوللار!
سەن مانا ئوت قويۇپ
كۈل بولدى ھەممە ياق ئايلاندى دەشتكە!
قوللار، ھەي قوللار!
سەن قىلىپ قاتىللىق،
ئۈزدى بىھېساب ئادەم لەھەتكە!
قوللار، ئەي قوللار!
"مۇقەددەس كىتاب"نى كۆتۈرۈپ كۆككە،
سەن مانا چۈشۈردۈڭ مەجبۇرلاپ بۇيرۇق
ئەمدىلا قەددىنى كۆتۈرگەن ئەلگە؛
توۋا قىل ــ بېشىڭنى ئەگكىن تۆۋەنگە!

قوللار، ئەي قوللار!
سەن مانا جاللاتلىق قىلچىڭ بىلەن
تولدۇردۇڭ زېمىننى مېيىت ـ جەسەتكە!
ئاتمىشىنچى يىللار "مويتۇڭزىسى"غا
ئايلاندى بۇ ۋەتەن ئەنە بىر پەستە!

قانلار، ئەي قانلار!
ئاقتى قىزىل قان دولقۇنلار ئۇرۇپ!
قانلار، ئەي قانلار!
ئاقتى قىزىل قان قىياندەك تولۇپ!
پۈتكۈل جۇڭگونىڭ تاغ ـ دەريالىرى
كەتتى تامامەن "قىپقىزىل" بولۇپ.
جۇدا بولغانلارنىڭ غەمكىن يۈزلىرى،
يېتىم بالىلارنىڭ ياشلىق كۆزلىرى
"قىزىل چىراغ"نىڭ نۇرىدا ئەنە
ئۆتتى كارتىنىدەك تۇتاش ئۇلۇنۇپ!
"ياشىسۇن"نىڭ شاۋقۇنلىرىدا
نەنجىڭ يوللىرى،
بېيجىڭ كوچىسى
جەسەت يىغىدىغان ماشىنىلارنىڭ
نۇرغۇنلۇقىدىن قالدى توسۇلۇپ...

"تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن"
زور قىرغىنچىلىق بولدى ئاقىۋەت!

بۇ قىرغىن ئالدىدا ھەتتا چىن شىخۇاڭ
ئەرزىمەس نەرسىدەك بولدى خىجالەت!
بۇ قىرغىن ئالدىدا گىتلېرنىڭ ئەپتى
كۆرۈنمەس خۇنۇك تۇس ئالدى نىهايەت!
”تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن“
زور ئالدامچىلىق بولدى ئاقىۋەت!
”ئىسيان كۆتۈرۈش يوللۇق“ ماركىسلىق
ئېزىتقۇ دورىدا قىلىپ تاپاۋەت؛
سانسىز ئاق كۆڭۈل ئوغۇل-قىزلارغا
ئاشۇلار راسلىدى ئالدىن پالاكەت؛
ئۈنتەردى ھازىرلاپ قويغان ئورنىغا،
ئۇ يەردە ئۇلارنى كۈتتى ھالاكەت...

3

قوللار، ئەي قوللار!
تۇتۇلدى بۇ قوللار جەم بولدى بۇ دەم.
تارىخنىڭ شەرمەندە تۇۋرۇكلىرىدگە
چەمبەرچەس قىلىنىپ باغلاندى مەھكەم.
چۈنكى، بۇ قوللارنى-
ئوپېراتسىيە قىلماقچى بىر مىليارد ئادەم!
قارىغىن، بۇ قولنىڭ قۇرۇلمىسىغا،
نەزەر سال ئۇنىڭ قان تومۇرلىرىغا،



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

هازىرقى ئادەملەر تېنىدە بەلكى ـ
مۇنداقنى تاپالماي قالارسەن بۇ دەم.
بۇ قولنىڭ ئۆلگىسى ـــ ئەندىزىسىنى
شۇنداقلا ئىزدىگىن، قېزىپ چىققىن ھەم
يۈز دەۋر ئالدىنقى ئىسكىلىتلارنى،
كۆمۈلگەن جەسەتنى مىڭ يىل مۇقەددەم!

ھەرگىز ئىشەنمىگىن مۇنداق بىر گەپكە:
شۇەنتۇڭنىڭ "ئىستىپانامە"لىرىدە
ئۇلار ئاللىقاچان
"قولنى يىغىش"قا بەرگەن دەپ ۋەدە!
نەدىكەن ـ نەدە؟!
"ئاخىرقى پادىشاھ"نىڭ قول سايىلىرى
ھېلىمۇ تۇرۇپتۇ تاشلاپ كۆلەڭگە،
بىز ياشاۋاتقان
مۇشۇ زېمىندا ـــ مۇشۇ ۋەتەندە...

مۇبادا،
مەۋجۇت بولمىسا ئاشۇ ئەرۋاھلار ـ
قانداق تۇغۇلاتتى
مۇنداق زوراۋان ئالۋاستى قوللار؟!
ئۇلار سوتسىيالىزمنى
ئايلاندۇردى گويا،

بىر خىل مودىلىق رەڭدار بوياقتا.
ھەل بېرىشتى- پەدەز بېرىشتى،
ئاشۇ قەدىمى
بۇتلار قويۇلغان تەختكە- راۋاقتا.
ئاندىن زورلىدى- قىستىدى بىزنى،
خۇددى قۇللاردەك
سەجدە قىلىشقا؛
كەچۈرۈم سورا گۇناھىڭغا، دەپ،
تىز پۈكۈپ- باش ئۇرۇپ توۋا ئوقۇشقا.

مۇبادا،
مەۋجۇت بولمىسا ئاشۇ ئەرۋاھلار،
قانداق چىقاتتى
خەلقنى گاڭگالاشتۇرىدىغان
مۇنداق پەتىۋالار:
"چۈشەنگەننى ئىجرا قىل دەرھال،
چۈشەنمىگەننىمۇ-
ئىجرا قىل چاپسان!"
ئادەملەرنى ئۇلار
ئۇرۇندى ئايلاندۇرۇشقا
ئىپتىدائىي مەۋجۇداتلارغا.
ئۇرۇندى ئايلاندۇرۇشقا

مەيلىچە قوغلاپ ھەيدەيدىغان
بىر توپ پادىغا ـ ھايۋاناتلارغا!

قوللار، ئەي قوللار!
سىلەر شۇ سۈپەت
"ھېكمەتلىك قوللار"مۇ، "ئەۋلىيا قوللار"؟
پۈتۈلگەن سىلەرگە زادى قانداقچە
بۇ قەدەر زور ھوقۇق ـ بۇنچە زور قۇدرەت؟
مىليونلىغان جانغا ئاتايسەن
ياكى ئۆلۈم، ياكى ھاياتلىق
كىرپىك قاققان مۇددەتتە پەقەت!
ئەگەر سەن سىزساڭ
كىچىككىنە دۈگىلەك چەمبىرەك
باش كۆتۈرەلمەيدۇ ئادەم تا ئەبەت!

4

ئاقىۋەت ھەممە سىر بولدى خوپ ئايان!
"لىن ماركا" نېمە ئۇ، "جاڭ ماركا" نېمە؟
"سەپدىشى" نېمە ئۇ، "بايراقدار" نېمە؟
بىز كۆردۇق تارىخنىڭ مىكروسكوپىدا
بۇ بىر توپ نەسلداش ـ ئەجدادى ئوخشاش
بىر جاڭگالنىڭ بۆرىلىرىنىڭ

ھەقىقى ئەپتىنى بەك روشەن ئەنە.
شۇنداقلا بىز كۆردۇق شۇ قەدەر ئىنىق،
تېخىچە تەلتۆكۈس قېزىپ چىقمىغان،
پىنھاندا يوشۇرۇن جان ساقلاۋاتقان
بىر توپ بۆرىلەرنىڭ ئەپتىنى يەنە.

ئېخ بۇ-
نېمدېگەن مەھكەم چىلىك قورغان!
شۇ قەدەر چوڭقۇركى ئۇنىڭ ئۇللىرى،
شۇ قەدەر قېلىندۇر چۆرىسىدە تام!
ھېچقانداق سەۋەب يوق، بىزدە ئەلۋەتتە،
يۈرگىلى ھەمىشە بەك بىخىرامان!
ھېچقانداق سەۋەب يوق بىزدە، ئەلۋەتتە،
تەكىنى قىرلاپلا ئۇخلاشقا ھامان!

قارا، نەزەر سال،
ئەنە ئاۋۇ "دىك"①،
ئاغزىلىرىنى شۇنچە چىڭ يۇمغان،
ئۇنىڭدا خەلققە ئۆچ-قىساس تولغان!
يانمايدىغانلىقىنى ئۆز نىيىتىدىن
مۇن-تىنىسىز جىم تۇرۇپ قىلماقتا ئايان!

---

① جاڭ چۇنچياۋنىڭ تەخەللۇسى.

قارا، نەزەر سال،
"ئايال پادىشاھ"نىڭ
زەھەرلىك كۆلكىلەر ياغقان يۈزىگە،
ئۇ بىزگە
ئاشكارا جەڭ-ئۇرۇش قىلماقتا ئېلان!
"بۇگۈنكىسى تېخى
ئەڭ ئاداققىسى ئەمەس..."
دېگەننى ئۇ بىزگە قىلماقتا بايان!

شۇنداق،
بىزگە بەلگىلىك بۇنىڭ بارچىسى،
ئالۋاستى قوللارنىڭ مەشئۇم سايىسى،
ئۆزلۈكىدىن ئاسان كەتمەيدۇ يوقاپ!
فېئودال فاشىستلار روھى-ئەرۋاھى
ئۆزلۈكىدىن كەتمەس بۇ يەرنى تاشلاپ!
ئەسلا ئۇنتۇمايمىز
ئاشۇ قوللارنى
فەن شيۇگشيۇڭ ھەقىقەت ئىزدىگىنىدە
چۆكتۈردى دېڭىزغا ئىنتىرىپ-ھەيدەپ!
ئەسلا ئۇنتۇمايمىز
شى يۈنفېڭنى بىز،
ئۇنى ئۆلتۈرگەن مىلتىق ساداسى
تۇرۇپتۇ ھېلىمۇ جاراڭلاپ-ياڭراپ!

www.uyghurkitap.com

كۆردۇق بىز،
ئاللىقاچان كۆردى خەلقىمىز،
بۇ قوللار "ياراتقان يېڭىلىقلارنى"،
"ئەسلىگە كەلتۈرگەن كونىلىقلارنى"،
ئۇلار
نېمىدېگەن "ئۇستا" قوللار ـ ھە!
"سىركىچى ساندۇقى" قىلىپ ھوقۇقنى،
نېمە لازىم بولسا چىقاردى شۇنى،
قالمىدى قىلمىغان بىرەر چارىسى.
ئۇلار
نېمىدېگەن "ماھىر" قوللار ـ ھە!
بولدى ئۇلار ئۈچۈن توي خۇشاللىقى
يەتمىش ئىككى مەرھۇمنىڭ ماتەم ـ ھازىسى.
بوخەي دېڭىزىنىڭ دولقۇنلىرىغا
ئورناتتى ئۆزلىرى ئۈچۈن بۇ قوللار
ئورناتتى شان ـ شۆھرەت، تۆھپە جازىسى!

قوللار، ئەي قوللار!
بۇ، شۇنداق قوللار
ئەگەر تېلېفوننى بىرلا بۇرىسا؛
بىر دېھقاننىڭ
پۈتكۈل يىللىق قان ۋە تەرىدىن
"مېھمان كۈتۈۋېلىش" زىياپىتىنىڭ

بىر ئۇستەل ـ شىرەسى بولىدۇ پەيدا.
قوللار، ئەي قوللار!
بۇ شۇنداق قوللار!
مۇبادا بۇ قوللار بىرلا شىلتىسا
"شەرققە ئاقىدۇ غەرپ دەرياسى"،
ئىرغىتىپ تاشلىنار مىليارد يوەن ئاقچا.
گوياكى پىرقىرىتىپ تاشلانغىنىدەك
چىېكىلىپ بولۇنغان قالدۇق تاماكا...

ئەي قول، ئاگاھ بول!
ئاگاھ بول، ئەي قول!
تارىخنىڭ ئاگاھ بول دېگەن سىگنالى
باپ كېلىپ قالماستىن تونۇغۇنىگىلا
ئوخشاشلا ماس كېلەر كەلگۈسىگە ھەم.
قولىدا ھوقوقنىڭ كالتەكلىرىنى
چەكلىمە بىلمەس بىر "پاسپورت" دەپ قاراپ
مەيلىچە ھەددىدىن ئاشقان ھەر ئادەم؛
قارىسۇن "قولى"نىڭ ئۆزگەرگىنىگە،
قارىسۇن، قارىشى كېرەكتۇر جەزمەن!
ئاشۇ قول ئالەمگە كېلىش بىلەنلا
قىلمىغان قاتىللىق، ساتمىغان ۋەتەن!
بەلكى ئۇ ئەڭ دەسلەپ كالتەك كۆتۈرۈپ،
كالتەكتىن پىچاققا ـ خەنجەرگە كۆچكەن؛

بەلكى ئۇ ئەڭ دەسلەپ يىڭنە ئوغرىلاپ،
ئوغرىلىق قىلىشتا قالغا ئۆتكەن...

## 5

چىقىرىڭلار!
چىقىرىڭلار قولۇڭلارنى تېز!
قالسۇن بۇ قوللاردىن بولۇپ ئۆچمەس ئىز،
تارىخنىڭ "ھۆكۈمى"دە ئاداققى نۆۋەت!
كۆرسۇنكى كىشىلەر روشەن ۋە ئېنىق،
زادى بۇ قولدا بار قانداق ئالامەت!
ۋەتەن تىنچلىق تاپسۇن، ئەل خاتىرجەملىك،
مانا بۇ بىزدىكى ھەقىقىي مەقسەت.
مۇشۇنداق قوللارنىڭ ئەندىزىسىنى
ئەستە چىڭ، مۇستەھكەم تۇتايلى پەقەت؛
شۇنداقلا ئۇلارنىڭ شەكلى-تۇرقىنى
پىششىق ياد بىلەيلى مەڭگۈ — تا ئەبەت!

تيەنئەنمېن مۇنبىرى ئۈستىدە تۇرماق
ئادىتى بوپ قالغان ئەي ھوقۇقدارلار،
بەلكى تۇرغانسىلەر ئادەتلىنەلمەي
دۈچ كەلگىنىڭلارغا بۇ خىل ھالەتكە؟

بىراق،
كۆنۈش كىرەكتۇر مۇنداق ئادەتكە!
چۈنكى،
بولدى ئىسپات هايات يولۇڭلار
ئەسلا ئاغدۇرۇلماس بىر ھەقىقەتكە:
"پارات قوبۇل قىلىش مۇنبەرلىرى"دىن
سوتتا "جاۋابكارلار ئورنى"غا قەدەر
ئۆلارنى ئاجرىتىپ تۇرغان ئەبەدكە،
ئۆتكىلى بولمايدىغان
هاڭ يوق، ئەلۋەتتە...

(«خەلق ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 1981 ـ يىل 1 ـ سانىدىن.)

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

本书根据新疆青年出版社1962年12月第1版乌鲁木齐 第1次印刷版本出版。这次出版时对原译文依照原著作些修改， 并加了新译的三篇长诗。

بۇ كىتاب شىنجاڭ ياشلار نەشرىياتى تەرىپىدىن 1962 ـ يىل 12 ـ ئايدا نەشر قىلىنغان 1 ـ نەشرى ئۈرۈمچى 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن نەشر قىلىندى. بۇ قېتىم نەشر قىلىشتا خەنزۇچىغا ئاساسەن تەرجىمىسىگە قىسمەن تۈزىتىش كىرگۈزۈلدى ۋە يېڭى تەرجىمە قىلىنغان ئۈچ داستان قوشۇلدى.

مەسئۇل مۇھەررىر: سەمەت دۇگايلى
مەسئۇل كوررېكتور: رىشىت ۋاھىدى

# تىيانشانغا ئوخشاش بول

(شېئىرلار)

ئاپتورى: جاڭ جىمىن

تەرجىمە قىلغۇچى: رەخىم قاسىم

مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى
شىنخۇا كىتابخانىسى تەرىپىدىن تارقىتىلىدۇ
مىللەتلەر باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

1988 ـ يىل 4 ـ ئايدا 1 ـ قېتىم نەشر قىلىندى
1988 ـ يىل 4 ـ ئايدا بېيجىڭدا 1 ـ قېتىم بېسىلدى
باھاسى: 0.57 يۈەن

**象 天 山 那 样**

（维吾尔文）

张志民 著

热合木·哈斯木译

民族出版社出版 新华书店发行

民族印刷厂印刷

开本：787×1092毫米1/32 印张：4 7/8

1988年4月第1版

1988年4月北京第1次印刷

印数：0001—1,500册

统一书号：M10049（4）237 定价：0.57元

ISBN 7—105—00224—7/I·59

www.uyghurkitap.com

统一书号：M10049(4)237　定价：0•57元

ISBN 7—105—00224—7/I•59